


ISSN 1008-6498
05>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ　ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



ئاتاقلىق ئەدىب، ژۇرنالىست ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى..........................2


## دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇنبىرى


مەدەنىيەت مىراسلىرى: مىللىيلىك ۋە دۇنياۋىلىقنىڭ ئارىلىقى ...............
...............ئوبۇل مۇھەممەتئېلى 4


## مىللەت ۋە چۈشىنىش


ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى .............ئابدۇقادىر جالالىدىن 16


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ............مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى قاتارلىقلار 26


## ئەدەبىيات گۈلزارى


ئاپتوبۇستىكى قىز .............(ھېكايە) .......ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 32


## ئوبزورچىلار مۇنبىرى


نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز ...................
...............يالقۇن روزى 36
شائىر، كىملىك ۋە جەمئىيەت .............زۇلپىقار بارات ئۆزباش 56
«باھادىرنامە»نىڭ مەنىۋى پايانىدا ............ئوسمان قاۋۇل 63


## تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ...........................
..............ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر قاتارلىقلار تەرجىمىسى 70


## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


ئەخلەتچى بوۋاي ....................ئادىل ئابدۇقادىر 74


## سەنئەت تەتقىقاتى


ئۇسسۇل سەنئىتىدە ھېسسىيات .............. خالمۇرات ئەبەيدۇللا 79
مۇقاۋىدا: بۇ كىيىم نەقەدەر يارىشىملىق ..............ئابلىكىم ئەمەت فوتوسى


**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: بەگمەت يۈسۈپ**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(60 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2011 ـ يىلى 3 ـ سان
(ئومۇمىي 309 ـ سان)

باش مۇھەررىر (قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)




# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى 2011-يىلى 22-فېۋرالدىن 23-فېۋرالغىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خۇۋېي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

يىغىندا خۇۋېي: مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى قاندۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. مەدەنىيەت كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتۈرگۈچى مەنىۋى ۋاستە، ھەم خەلق تۇرمۇشىنى بەختلىك قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. «11-بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسى گۈللەندى ۋە راۋاجلاندى، مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى كۈچەيتىلدى، نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش قۇرۇلۇشى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، قوغداش، ۋارىسلىق قىلىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ يىلقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە ھەم «ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلىشىش» پىرىنسىپىدا ھەم «مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈشمۇ مۇھىم خەلق تۇرمۇشى» دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ ياخشى روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم دەپ كۆرسەتتى. ئۇ سۆزىدە ھەردەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىدىن «خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى يىلى»نى چۆرىدەپ تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش، جۇڭگو شىنجاڭ 2-نۆۋەتلىك خالقئارا ئۇسسۇل بايرىمى قاتارلىق زور مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈشنى پۇرسەت بىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش - ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، قويۇق جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكىگە، مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتنى يېتەكلەش، خەلقنى تەربىيەلەش،

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلتۇالدى ئابدۇرېشىت يىغىندا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىدىن مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن پۇرسەت ۋە خىرىسنى چوڭقۇر تونۇپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى سۈپەتلىك ۋە سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز ئابدۇرېھىم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «11 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىدى ۋە بۇ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاساسلىقى زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى تۇتقا قىلىپ، جامائەت مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى تەبرىكلەش زور تېمىسىدىكى پائالىيەتلىرىنى چۆرىدەپ، ياخشى مەدەنىيەت كەيپىياتى يارىتىش؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، «مەدەنىيەت ماركىسى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش؛ مەدەنىيەت كەسىپلىرى تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇش؛ مەدەنىيەت بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى تەكىتلىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خەن زىيۇڭ يىغىن ئاخىرىدا خۇلاسە سۆزى قىلىپ، پۈتكۈل مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكىلەردىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەرنى پائال ۋە پۇختا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن جانلىق ۋە ياخشى ئىشلەش، «زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقىلىق يېتەكلەش» نەزەرىيەسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش، ئىستىلنى ئۆزگەرتىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، «ئىككى بىخەتەرلىك» ۋە «بىر خىزمەت ئورنىدا قوش مەسئۇلىيەت بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن يىللىق خىزمەت نىشانلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2010 ـ يىللىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، يېزا ـ كەنت يۈز كۈنلۈك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەدەنىيەت بويىچە خەلق باشقۇرغان غەيرىي كارخانىلار ئىچىدىكى ئىلغار ئورۇنلار تەقدىرلەندى ھەمدە دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرى بويىچە تېپىك ۋارىسلارغا يارىدەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

— زۇنۇن باقى خەۋىرى، لياڭ لى فوتوسى

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.**

**كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 — 0991**



# مەدەنىيەت مىراسلىرى: مىللىيلىك ۋە دۇنياۋىلىقنىڭ ئارىلىقى

ئوبۇل مۇھەممەتئېلى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى يۇرتىمىزدىن نۇرغۇن زىيالىي ئوقۇش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش، ساياھەت قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ياۋروپاغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەنلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى ھەر خىل نۇقتىدىن يېزىپ چىقىپ ياۋروپا ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەردى. شۇڭا مەنمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ «ئۆزلۈك» ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىغا ئازراق بولسىمۇ پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن نىيەتتە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. يېقىنقى يىللاردا كىملىكنى تارىخقا مۇراجىئەت قىلىپ ئىزدىنىدىغانلار كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان قىزىقىشى قوزغالدى، بولۇپمۇ «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا، «مەشرەپ»نىڭ «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلۈشى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيىتىنى خەلقىمىزگە تونۇتتى. ئىلىمىزدە مەنىۋى مىراسلارنى قوغداش ساھەسىدە يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلگەنسېرى ئەسلىدىلا قوغدىلىۋاتقان ماددىي مىراسلار(مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى) ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئامىللار شەكىللەندۈرۈلۈپ، دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت، شۇنداقلا ھەرقايسى تارماقلارمۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، قوللايدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات بارلىققا



دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇنبىرى

كەلدى.

«بۈيۈك يىپەك يولى» نى دۆلەت ھالقىغان دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يوللاش تۈرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، «يىپەك يولى»نىڭ جۇڭگو بۆلىكىدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ( شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، نىڭشيا ۋە خېنەن) نىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 11كىشى 2007-يىلى 18-سېنتەبىردىن 29-سېنتەبىرگىچە گېرمانىيە، فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق 3 دۆلەتتە دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈشتە بولدۇق. مەقسىتىمىز ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلار ئىچىدىكى مەدەنىيەت يولى تۈرىنىڭ بۇ ئۈچ دۆلەتتىكى ساقلىنىش ھالىتى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلتىماس قىلىش ئۇسۇلى، بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئىدى. چۈنكى گېرمانىيە رېين دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قەدىمكى قورغان، سۇ ئەسلىھەلىرى، قەدىمكى قۇرۇلۇشلار، ئۆتەڭلەرنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە «رېين (Rhein ) دەرياسى بويىدىكى تارىخىي ئىزلار» نامى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىپ «غەلىبە» قىلغان؛ فىرانسىيە ھۆكۈمىتىمۇ تورۇئۇز( Toulouse) شەھرىگە يېقىن جايدىكى مىدى ئۆستىڭى ( Canaldu Midi ) بويىدىكى سۇ ئەسلىھەلىرى، قەدىمكى تۇرالغۇ، قەدىمكى كېمە قاتارلىقلارنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە ‹‹مىدى ئۆستىڭى مەدەنىيەت ئىزناسى››نامى بىلەن دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىپ «غەلىبە» قىلغان؛ ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىمۇ فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىپ ئاخىرىدا ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىكى سانتىياگۇ(Santiago) شەھرىدە ئاياغلاشقان ‹‹خىرىستىيانلارنىڭ ئىستىقامەت يولى›› بويىدىكى قەدىمكى ئىمارەت، تارىخىي كوچا، قونالغۇ، موناستىر -چېركاۋ قاتارلىق نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزناسىنى بىرلەشتۈرۈپ «ھەج يولى» نامى بىلەن دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىپ «غەلىبە» قىلغان ئىدى. قەدىمكى بۈيۈك يىپەك يولىمۇ بۇ خىل مەدەنىيەت يولىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، بۇ يول بويىدىكى قەدىمكى دەۋرگە ئائىت نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانداق ئىلتىماس قىلىش جەھەتتە يۇقىرىقى 3 دۆلەتنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ئىدى.

## گېرمانىيە: مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ جەنلىقى ۋە يۈتۈنلۈكى

بىز بېيجىڭ ئايروپورتىدىن ئايروپىلانغا چىقىپ، 10 سائەت ئۈچۈپ 18-سېنتەبىر سەھەردە ياۋروپادىكى ئىككىنچى چوڭ ئايروپورت گېرمانىيە فىرانكفورد ئايرودۇرۇمىغا قوندۇق.

بىز ئەتىگەندە دەل گېرمانىيەلىكلەرنىڭ ئىشقا چۈشۈشىگە ئۈلگۈرۈپ 650 مىڭ نوپۇسقا ئىگە فىرانكفورد شەھرىدە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدۇق. بۇ شەھەرنى تۇنجى كۆرگەن كىشى يەن-تېخنىكا يۇكسەك تەرەققىي قىلغان، قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان پاكىز شەھەر مۇھىتىدىن ھوزۇرلانماي قالمايتتى. ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە شەھەردىكى قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ %80ى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى بومباردىماندا ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىكەن، بۇ يەردە 10 مىليون 700مىڭ توننا ئەخلەتنى قالدۇرغان بولۇپ، ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان گېرمانلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنىڭ خەلقئارا پىرىنسىپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا شەھەرنى قايتىدىن رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ھەتتا پارچە -پارچە بولۇپ كەتكەن قەدىمكى ئىمارەت خىشلىرىنىمۇ ئۆز ئارا چاپلاپ رېمونت قىلىش- ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىپ ئىمارەتلەرنىڭ قەدىمىيلىكىنى يۇكسەك دەرىجىدە ساقلاپ قالغانىكەن. قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى بىلەن يېقىنقى زامان گېرمانىيە 1-،2-ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى ئىمارەتلەر ماسلاشتۇرۇلۇپ بەرپا قىلىنغان بۇ شەھەردە ئېگىز ئىمارەتلەرنى ئۇچرىتىش ناھايىتى تەس ئىدى. پۈتكۈل شەھەرنى كۆپلىگەن كىچىك باغچىلار قاپلىغان بولۇپ، قارىماققا ياپونىيەنىڭ سوكوبا شەھرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ شەھەردە يول ئۈستىگە تۆمۈر يول ياسالغان بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىدا تىراللىبۇس ۋە ماشىنىلار دەخلىسىز يۈرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىكەن، كوچىلاردا ماشىنا قىستاڭچىلىقىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغان ئاز ساندىكى ئالدىراش كىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كوچىلار جىمجىت بولۇپ كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىكەن. فىرانكفورد شەھرى گېرمانىيەنىڭ ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى مەركىزىي بانكىسى مۇشۇ جايغا تەسىس قىلىنغان، ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ بارلىققا كەلگەن پاي بازىرى بىناسىمۇ ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانىكەن. ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، فىرانكفوردتا ھەر يىلى بىر نۆۋەت دۇنيا ماشىنا كورگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، گېرمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «بېنچى»( Benz) ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەيدىكەن، ئاندا-ساندا كورېيەنىڭ «كىيا» ماركىلىق ماشىنىسىنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ: «ياۋروپالىقلار» ئۆز دۆلىتىنىڭ مىللىي سانائىتىنى قوللاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. گېرمانلار ناھايىتى بەستلىك بولۇپ، قارىماققا يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ھازىرغا قەدەر ئەسلىنى يوقاتمىغان تاجىكلارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلارغا قاراپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000-يىلى تارىمدىن كىچىك ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا سۈرۈلگەن ئارىيانلارنىڭ تارىخى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. گېرمانلارنىڭ دۆلەت قۇشى بۈركۈت ئىكەن، دۆلەت بايرىقىغىمۇ بۈركۈتنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىكەن. تاجىكلارمۇ بۈركۈتكە چوقۇنىدۇ، بۇ ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدا

بىرەر باغلىنىش بارمۇ، قانداق؟ دېگەن ئوي كاللامدىن كەچتى.

فىرانكفورد شەھىرىدە رىم دەۋرى ۋە ئىمپېرىيە دەۋرىگە ئائىت چېركاۋلار كۆپ بولۇپ، بۇ چېركاۋلارنىڭ بەزىلىرى كۆرگەزمە سۈپىتىدە جامائەتكە ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەنىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1787 ـ يىلى سېلىنغان پائۇل چېركاۋى تولىمۇ مەشھۇر بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ گۈمبەزسىمان ئوگزىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا پارتلىتىۋېتىلگەن، ئەمما غەربىي گېرمانىيە دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن تارىخىي كورگەزمخانا قىلىپ ئىشلىتىلگەنىكەن. بۇ قەدىمكى ئىمارەت ھازىرغا قەدەر گېرمانلارنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ ئىمپېرىيە دەۋرىدە قۇرۇلغان دېموكراتىك دۆلىتىنىڭ شاھىتى، ياۋروپا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت بىنالىرى ئۆز پېتى ساقلانغان بولۇپ، ھازىر شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسى قىلىپ ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ.

مەن گېرمانىيەگە ئائىت توردىن چۈشۈرۈۋالغان بىر ماتېرىيالدا: « رېين دەرياسى قەدىمكى دەريا، ئۆز تارىخىدا ئىككى ئۇلۇغ مىللەتنى بەرپا قىلغان، ئۇ بولسىمۇ گېرمانلار ۋە فىرانسۇزلار» دەپ يېزىلغانىكەن. دېمىسىمۇ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى1320كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئانا دەريا ئالپس تاغلىرىدىن باشلىنىپ گوللاندىيە، ئاۋستىرىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، لىچتېنىستىن قاتارلىق 6 دۆلەتنى كېسىپ ئۆتىدىكەن. بۇ دەريا ئۇزۇنلۇقى جەھەتتە ياۋروپادا 4 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان دەريا بولۇپ، ئىككى قىرغىقىغا ياۋروپا تارىخىنىڭ نۇرغۇن ئابىدىلىرى بەرپا قىلىنغانىكەن. شۇڭلاشقىمۇ بۇ دەريانىڭ پەقەت ئىككىلا جايىغا كۆۋرۈك سېلىنغان. ياۋروپا ئىتتىپاقى دەريانىڭ بوشلۇقتىكى مۇھىتىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا جايلىرىغا كۆۋرۈك قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى سېلىشنى مەنئىي قىلغانىكەن. تۇرۇپلا يۇرتۇمدىكى تارىم دەرياسىنى ئويلاپ قالدىم. تارىم دەرياسىمۇ بۇرۇنقى زامانلاردا مۇشۇنداق سۈيى ئەلۋەك، دولقۇنلىنىپ ئاقىدىغان دەريا بولغىيمتى؟ قەدىمكى زامانلاردا ئۇمۇ ئوخشاشلا نەچچە رايوننى كېسىپ ئۆتكەن، ئەمما ھازىرغا كەلگەندە ئىككى قىرغىقىدىكى مەدەنىيەتلەر قۇم ئاستىدا قالغان، نۇرغۇنلىغان سۇ ئامبارلىرى ياسالغانلىق سەۋەبىدىن بۇرۇنقى ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئەمما رېين دەرياسى بويلىرىغا ھېچقانداق سۇ ئەسلىھەلىرى سېلىنمىغان بولغاچقا، ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ ئانا دەرياسى ئەينى زاماندىكى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئىكەن. دەريا سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەسئۇل تارماقلار سۇدىن كۈندە دېگۈدەك نۇسخا ئېلىپ ئانالىز نەتىجىسىنى دەريا بويىدىكى ئەللەرگە ئۇقتۇرۇپ تۇرىدىكەن. رېين دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى ئەسلىھەلەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، ھەر خىل ئۇسلۇبتا سېلىنغان بۇ قەدىمكى ئىمارەتلەر، قەلئەلەر، ئۈزۈمزارلىق ۋە شۇ ئەتراپنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان كىچىك يېزىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن. بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشلار گېرمانلارنىڭ يېمىرىلمەس ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ تۇرسا، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كەڭ كەتكەن دالالاردىكى ناھايىتى رەتلىك ئۈزۈم باراڭلىرى بۇ مىللەتنىڭ تولىمۇ ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. «گېرمانىيەدە پەقەت %3 دېھقان بار، ئۇلار ئاساسلىقى ئۈزۈم يېتىشتۈرۈپ ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتلىرىغا سېتىپ كۈن كەچۈرىدۇ، گېرمانلاردا ئەقىل ئىشلىتىدىغان ئىشقا ھەرگىز جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلمايمىز، دەيدىغان مۇستەھكەم ئىرادە بار، شۇڭلاشقا ئىلىم ـ پەن ناھايىتى تەرەققىي قىلغان» دەيدۇ ساياھەت يېتەكچىسى. گېرمانىيەدە خەلقنىڭ ئايلىق مائاشىمۇ يۇقىرى بولۇپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 ئېيرۇ ئالىدىكەن(20مىڭ يۈەن خەلق پۇلى). مال باھاسى نىسپىي ھالدا پۈتۈن ياۋروپا بويىچە خېلىلا تۆۋەن ئىكەن. بۇ جەھەتتە ياپونلار بىلەن تەڭلىشىدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

بىز فىرانكفوردتىن گېرمانىيە بۇرجىكى دەپ ئاتىلىدىغان كېبۇلىنۇز (Koblenz) شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. گېرمانىيەدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللارنىڭ ھەققى ماي باھاسىغا قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، يوللىرىدا ھەق ئېلىش پونكىتلىرى يوق ئىكەن. بۇك ـ باراقسان يېشىللىق ئارىلاپ ياسالغان بۇ تاشيوللاردا ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرى قاتنايدىكەن. ئاپتوموبىللارغا ياۋروپادىكى داڭلىق شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلات ئېلانلىرى چاپلانغانىكەن. مەن ئۇتتۇشۇۋاتقان ئاپتوموبىللارغا قاراپ خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولغان تۈركىيەنىڭ «ئۈلكەر» قاتارلىق داڭلىق ماركىلارنى ئۇچرىتالمىدىم. بەلكىم مەن بۇ قىسقا ۋاقىتتا ئۇچرىتالمىغاندىمەن، دەپ تەسەللى بەردىم ئۆزۈمگە. بىز ئالاھازەل ئۈچ سائەت ئەتراپىدا يول يۈرۈپ ئەسلىدىكى غەربىي گېرمانىيە پايتەختى بوئىندىن (Bonn) ئۆتۈپ كولىن (Koln) شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەر گېرمانىيەدىكى 3چوڭ شەھەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن، نوپۇسى 4 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. «پۈتۈن شەھەردە 10 مىڭدىن ئارتۇق تۈرك مۇسۇلمان بار» دەپ ئەسكەرتىپ قويدى ساياھەت يېتەكچىسى. ئالدىمىزدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر چېركاۋ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. «مانا بۇ ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ چېركاۋ، گېرمانىيەگە كەلگەن ھەرقانداق كىشى چوقۇم ساياھەت قىلىدىغان جاي» دېدى ساياھەت يېتەكچىسى. يەنە بۇ چېركاۋنىڭ ئېگىزلىكى20 قەۋەت ئىمارەت بىلەن تەڭ كېلەتتى، ئەتراپى قايناق بازار، گېرمان مۇزېيى، رېين دەرياسى كۆۋرۈكى، تىراللىبۇس بېكىتى ۋە باشقا ئەسلىھەلەر چېركاۋغا ناھايىتى يېقىن سېلىنغانىكەن. «ئەتراپ مۇھىتى ئەجەبمۇ بۇلغانغانىكەن» دېۋىدىم، «ئۆتكەن يىلقى دۇنياۋى مىراس يىغىنىدا ب د ت نىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى مۇشۇ سەۋەبتىن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەگەر ئەتراپ مۇھىتى يەنىلا ئوڭشالمىسا سىرىق

بەلگە چىقىرىپ 《خەتەردە قالغان دۇنياۋى مىراس》 قاتارىغا كىرگۈزىمىز دەپ قارار چىقاردى》 دېدى بىزگە ھەمراھ بولۇپ بارغان دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى دۇنياۋى مىراسلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىۋ خۇابىن. گېرمانلار بۇ ھەيۋەتلىك ئىمارەتنى 1248- يىلى سېلىشقا باشلىغان بولۇپ، 600 يىلدا پۈتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 157.38 مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6000 كىۋادىرات مېتىر كېلىدىكەن، پۈتكۈل ئىمارەت سىلىقلانغان تاشلارنى ماتېرىيال قىلىپ ياسالغانىكەن. ئۇ ياۋروپا تارىخىدىكى ياسالغان دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن ھەم دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چېركاۋ ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭلاشقا 1996 - يىلى دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن، ئۇ گېرمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت- سەنئەت ۋە مىللىي روھ بىرلىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. چېركاۋنىڭ ئەتراپىنى يېڭى ئىمارەتلەر قورشىۋالغان بولغاچقا، يېقىن ئەتراپتىن رەسىمگە ئېلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. بىز يېرىم سائەتتىن كېيىن گېرمانىيە بۇرجىكى دەپ ئاتىلىدىغان رېيىن دەرياسى بىلەن موسېل (Mosil) دەرياسى ئۇچراشقان بۇرجەككە كەلدۇق. يول بويىلىرىدا ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي گېرمانىيەنىڭ پارلامېنت بىناسى، سوت مەھكىمىسى، چوڭ - كىچىك چېركاۋ قاتارلىق يېقىنقى دەۋرگە ئائىت نادىر ئىمارەتلەر ساقلانغان ئىكەن (غەربىي گېرمانىيە دەۋرىدە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرى بوئىن شەھىرىدىلا بولۇپ قالماي قىسمەن ئاپپاراتلىرى باشقا- باشقا شەھەردە تەسىس قىلىنغانىكەن). مەركىزىگە پادىشاھ ۋىليامنىڭ ئاتقا مىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ھەيكىلى ياسالغانىكەن. بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 37 مېتىر بولۇپ، 1890 - يىلى ياسالغان، 1945- يىلى ئامېرىكا ئارمىيەسى تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەنىكەن. 1990 - يىلى شەرقىي گېرمانىيە بىلەن غەربىي گېرمانىيە بىرلەشكەندىن كېيىن قايتا ياسىلىپ، 2002- يىلى دۇنياۋى مىراس قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن. گېرمانلار قارىماققا بۇ جايغا مەشھۇر سەيلىگاھ سۈپىتىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىك - ئۇملۇكىدىن ئىپتىخارلىنىشتەك بۈيۈك ئىدىيەدە تاۋاپ قىلىدىغاندەك كۆرۈندى ماڭا. دېمىسىمۇ گېرمانلار رېيىن دەرياسىنى ئاتا دەريا، موسېل دەرياسىنى ئاتا دەريا دەپ ئۇلۇغلىغان بولغاچقا، مىللەتنىڭ «ئاتا- ئانىسى» ئۇچراشقان بۇ جاي تەبىئىيلا پۈتكۈل مىللەت تارىخىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغاندى.

ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن بىز بۇ جاينى تولۇق كۆرۈپ بولالمايلا ئايرىلدۇق ھەمدە ئانچە يىراق بولمىغان دورۇ ( doru ) شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. مەقسىتىمىز رېيىن دەريا بويىدىكى يارقىن مەدەنىيەتنى قانداق قىلىپ دۇنياۋى مىراس قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەش ئىدى. بىز بىر كىچىك مىنبۇستا ئالاھەزەل بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن دورۇ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ساقلىغان جايدا كۆرۈشتۇق. بۇ كىشىنىڭ چىرايى قەشقەرلىق ئۇيغۇرغىلا ئوخشايتتى، بولۇپمۇ كاستۇمىنىڭ ئىچىگە كىيىۋالغان مايكىسى ۋە شلەپىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان چېچىنى بىر كۆرۈپلا يۇرتۇمىنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئەسلى گۈزەل سەنئەت ئۆگەنگەن، ئەمما ھازىر ئۆز كەسپىنى قىلالماي ھەممە ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ يۈرگەن باشلىقنى ئەسلەپ قالدىم. ناھايىتى قىزغىن سالامدىن كېيىن ئۇ بىزنى زاۋۇت سېخىنىڭ ئىچىنى ئۆزگەرتىپلا ئىشخانا قىلىۋالغان بىناسىغا باشلاپ كىردى. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئالاھەزەل بىرەر سائەت ئەتراپىدا سۆھبەتلەشتۇق. بىز رېيىن دەرياسى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانداق قىلىپ يېپىسمان مەدەنىيەت تەركىبىدە دۇنياۋى مىراس قاتارىغا يوللىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدۇق، ئەمما سۆھبەت بىز كۈتكەن تېمىدىن چەتنەپ، ئۇ بىزگە دورۇ شەھىرىدە قانچىلىك مەدەنىيەت مىراسى بارلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق قوغدىلىدىغانلىقى، كېتىدىغان خىراجەتنىڭ قانداق ھەل قىلىنغانلىقى... قاتارلىق جەھەتلەردە چۈشەنچە بېرىپ كەتتى. تۇنجى قېتىم ياۋروپا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ساھەسىدىكى كەسپىي خادىم بىلەن ئۇچرىشىشىم بولغاچقىمىكىن، نۇرغۇن مەسىلە ماڭا يېڭىلىق بىلىندى. بىز كۆرۈۋاتقان بۇ خارابىلىق ئەسلىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن بىر چوڭ تىپتىكى فابرىكا بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆگزە قىسمى تامامەن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىكەن، ئۇرۇشتىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ قايتىدىن رېمونت قىپتۇ ھەمدە سېخ سىرتىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئىچىنى يېڭىك ماتېرىيال بىلەن قايتىدىن زىننەتلەپتۇ. شۇنداقلا بۇ يەرنى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ياردەم قىلغان كارخانىلارغا، جەمئىيەتتىكى ئىگە -چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلەرگە ناھايىتى ئەرزان باھادا ئىشلىتىشكە بېرىپتۇ. ئۇ سۆزىدە بۇ شەھەردە تۈركلەرمۇ ياشايدىغانلىقىنى ھەمدە نەچچە يىللار ئىلگىرى شۇلار ياشىغان رايوندىكى ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بىر چېركاۋنى رېمونت قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەسچىت قىلىپ ناماز ئوقۇشىغا بەرگەنلىكىنى دەپ ئۆتۈپ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا قوغداشمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى قوشۇپ قويدى. بىز بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ يەنە كېلۇنۇز شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق، چۈشەندۈرگۈچى يولبويى بىزگە گېرمانىيەدە 60مىڭدەك جوڭگولۇق بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاشخانا ئاچىدىغانلىقىنى، قىسمەنلىرىنىڭ كىيىم- كېچەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ئىلىم- پەن ساھەسىدە ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

### ھەممە نەرسىنى قوغداشقا ئادەتلەنگەن فىرانسۇزلار

بىز 20 - سېنتەبىر كولن شەھىرىدىن فىرانسىيەگە قاراپ يول ئالدۇق. كوپچىلىكنىڭ گېرمانىيەدىن ئايرىلىشقا كۆزى

قىممىتىمۇ ياكى بۇ پاكىز، ئىلىم ـ پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن مەدەنىيەت مىراسلىرى مول دۆلەتتە بەكلا قىسقا ۋاقىت تۇرغانلىقىمدىن نارازى بولدىمۇ، بىر ھازاغىچە ئۆزئارا گەپ قىلىشماي جىمىپ كېتىشتى. بۈگۈن ساياھەت يېتەكچىسى ئالماشقان بولۇپ، مىنبۇسىمۇ خېلىلا كىچىك ئىدى. كۆپچىلىك مىنبۇسنىڭ كىچىكلىكىدىن سەل نارازى بولغان ئىدى، چۈشەندۈرگۈچى ناھايىتى خىجىل بولغان ھالدا ئەھۋالنى تازا بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ تېخى بايىلا بۇ ماشىنىنى كۆرگەنلىكىنى دەپ ئەپۇ سوراپ كەتتى: ياۋروپا ساياھەت شىركەتلىرىمۇ ئىشەنچسىز ئىكەن، قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ساياھەت يېتەكچىسى بىزگە گېرمانىيەنىڭ قىسقىچە تارىخىنى چۈشەندۈرگەچ يول بويىدا ئۇچرىغان شەھەرلەرنىڭ نامىنى دەپ ماڭدى. ئالاھازەل ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن تۇرۇپلا يىراقتا قالغان باللىرىم ئېسىمگە كېلىپ ئۇلارغا ئۇچۇر يوللىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايالىم ئۇچۇر قايتۇرۇپتۇ، ئۇچۇردا: «باللار ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز سىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمىز» دەپ يېزىلغانىكەن. ئايالىمنىڭ سۆزىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم ، شۇنداقلا يۇرتۇمنىڭ جەنۇبىدىكى پىنھان يېزىدا قالغان توپىلىق يوللارنى، سادىدا ھەم ئاق كۆڭۈل دېھقان تۇغقانلىرىمنى ئويلاپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ شۇ توپىلىق يوللاردا چوڭ بولۇپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۈرۈمچىدە قېلىپ مۇشۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشكەنلىكىمنى ئويلاۋېتىپ ئارقىدىنلا «توختا، خۇدايىم تىرىشقانلارغا بېرىدۇ، دەيدىغان ھايات پەلسەپەم بويىچە ئېيتقاندا، تەلەي بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ مۇھىم باغلىنىشى بار» دېدىم ئىچىمدە. دېمىسىمۇ ياۋروپادىكى مۇشۇ مىللەتلەرمۇ تىرىشىپتىكەن ئۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىپتۇ، يۈكسەك تىرىشچانلىق ۋە ئۇيۇشۇش روھى بۇ خەلقنى مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلغانىكەن. مەن ئېسىمنى بىلسەم شەرقىي گېرمانىيە، غەربىي گېرمانىيە دەپ ئايرىلىدىغان بۇ خەلق پۈتكۈل مىللەتكە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن دۇنيادىكى سىياسىي توسالغۇلارنى دادىللىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، سىياسەتنىڭ مەھسۇلى بولغان «بېرلىن تېمى»نى شۇ خىل تىرىشچانلىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، بىر پۈتۈن گېرمانىيە سالاھىيىتى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادىنى يېڭىدىن يۇرۇتۇپ يۈرۈشۈۋاتىدىغۇ؟ بۇ پەقەت ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن تىرىشقانلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟

تۇرۇپلا چاۋشيەن بىلەن كورېيە يادىمغا كەلدى. كورېيەگە بارغان ۋاقتىم تۈنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىشىم بولغاچقا ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدىم، سېئولدا تۇرۇپ تەرەققىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئازىراق بولسىمۇ چۈشەنگەن، ھېس قىلغانىدىم. سېئول ئايروپورتىدا تۇرۇپ ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان تىراللېبۇس ۋە تولىمۇ ھەيۋەتلىك ياسالغان ئايروپىلان كۆتۈش بىناسىنى كۆرۈۋېتىپ ھاياجانلىنىپ، بەكمۇ يىراقتا قالغان ئاكامغا تېلېفون قىلسام، ناھايىتى تەستە ئېلىنغان تېلېفوندا ئۇ: «ئۇكام، سىز نەدە ؟ سېئول دېگەن نە ئۇ؟ بىز تېخى ئۇخلاۋاتىمىز، بۇجايدا سائەت ئەمدى 5 بولدى» دېگەنتى.

بىز3 سائەت يول يۈرۈپ ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەت لىيۇكسېمبۇرگقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بۇرۇنقى چېگرا، تاموژنا دېگەن ئۇقۇملار تارىختا ئايلانغان بولۇپ، چېگرا ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئۇ دۆلەتكە توسالغۇسىز كىرىپ كەتتۇق، ئىككى دۆلەت چېگرا پاسىلىغا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقىنىلا قاداپ قويغان بولۇپ، پەقەت «لىيۇكسېمبۇرگ» دېگەن خەتتىنلا چېگرانى ھېس قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر مەركىزىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق، ناھايىتى جەمجىت بۇ كىچىك دۆلەت گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەڭ بولۇپ، ساياھەتچىلەر دۆلەت بىناسى بىلەن بىر نەچچە چېركاۋنى كۆرۈپلا پارىژغا يول ئالىدىكەن. «لىيۇكسېمبۇرگتا مال باھاسى ناھايىتى ئەرزان، ئەتراپتىكى ياۋروپا خەلقى بۇ جايغا كېلىپ ماشىنىسىغا ماي قاچىلايدۇ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ» دېدى ساياھەت يېتەكچىسى. بىر جىلغىغا بەرپا قىلىنغان بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ، ئادەملىرىمۇ شالاڭ ئىدى، دۆلەت گېربىمۇ گېرمانىيەنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بىز شەھەر مەركىزىدىكى بىر چېركاۋنى، مەركىزىي مەيدان ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپلا پارىژغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ماشىنىدا مۈگدەپ قېلىپ فرانسىيە چېگراسىغا قانداق كىرگەنلىكىمىزنى تۇيماي قاپتىمەن. ئويغىنىپ قارىسام ئەتراپىمىزدا گېرمانىيەگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇھىت تۇراتتى. چۈنكى فرانسىيە مۇھىت ۋە يېشىللىق جەھەتتە گېرمانىيەدىن خېلىلا پەرقلىنىدىكەن. بۇ دۆلەت ماڭا ھاۋا ـ كىلىمات جەھەتتە گېرمانىيەگە قارىغاندا قۇرغاقتەك بىلىندى. فرانسىيەنىڭ تېرىقچىلىق كۆلىمىمۇ خېلىلا چوڭ بولۇپ، ياۋروپادىكى تېپىك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتىدەك قىلاتتى. بولۇپمۇ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى جەھەتتە گېرمانىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئارقىدا ئىدى. گېرمانىيەدە ئورمان جىق، تېرىلغۇ يەر ئاز ئىكەن، فرانسىيەدە بولسا ئورمان ئاز، تېرىلغۇ يەر جىق ئىكەن، ئەسلىدە ئارىلىقى بۇنداق يېقىن دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىكەن ـ يۇ، ئارىدىكى پەرق نېمە ئۈچۈن بۇنچە چوڭ؟ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەسلىدە گېرمانلار ئەتراپ مۇھىتنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن.

بىز 3سائەتتەك يول يۈرۈپ پارىژ شەھىرىگە يېتىپ كەلگىچە يولدا ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ماركىسىغا دىققەت قىلدىم. يولبويى گېرمانىيەدە ياسالغان «بېنچى» ماركىلىق ئاپتوموبىللارنى ئۇچرىتىش ئەسلا مۇمكىن بولمىدى، تاشيوللارنىڭ تاختىسىغىمۇ پەقەت فرانسۇزچە يۆنىلىش ئىسىملىرى يېزىلغان بولۇپ، ئىنگلىزچىنى ئۇچرىتىش ناھايىتى

تەس ئىدى. «فىرانسىيەدە ئىنگلىزچە سۆزلىشىشنى ئېغىر ئالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى بۇ ھەقتىكى سوئالىمغا گېرمانىيەدىن بىللە كەلگەن نېمىس تىلى تەرجىمانى. پارىژ كوچىلىرىدا كېتىۋاتقان «بياۋجى» ماركىلىق ماشىنىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا، ياۋروپادا ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېرىك سانائىتىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش جەھەتتە ناھايىتىمۇ كەسكىن ئىكەن. سېنا دەرياسىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ بۇ خەلقئاراۋى چوڭ شەھەرنىڭ بىر يۈكسەك بىرلەشمە مەدەنىيەت گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. گېرمانىيەنىڭ فىرانكفورد شەھىرىگە قارىغاندا پارىژدا ئادەملەر جىق، خەلقنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئەركىنرەكتەك بىلىنەتتى.

پارىژغا كەلگەن ۋاقتىمىز دەل كىشىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشكەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولغاچقا، شەھەردە ماشىنا قىستاڭچىلىقى باشلانغان ئىكەن، ماشىنىلار ناھايىتى ئاستا مېڭىۋاتاتتى. زېرىكىپ سىرتنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ھۆكۈمەت ئورگىنىدەك بىر بىنادىن تولىمۇ سىپتا كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال چىقتى - دە، پىيادىلەر يولىنى بويلاپ بىزگە قارشى يۆنىلىش بويىچە كېلىشكە باشلىدى. «نېمىدېگەن سالاپەتلىك ئايال بۇ!» دېدىم ئىچىمدە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ «سالاپەتلىك ئايال» قولىدا بىر تال تاماكىنى شورىغان پېتى ئارقىسىغا قايتىپ بىزگە پاراللېل يۆنىلىشتە كېتىۋېتىپتۇ، قاراپلا بىر قىسما بولدۇم. ياۋروپادا تاماكا چېكىدىغان ئاياللار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئىشخانىلاردا تاماكا چېكىش چەكلەنگەن بولغاچقىمىكىن، كوچىلاردا ئەر - ئايال بەس - بەستە تاماكا چېكىشىپ كېتىۋاتقان ھالەتنى دائىملا ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى.

تاماقنى بالدۇرراق يەپ بولۇپ باشقىلار چىققۇچە ئەتراپنى كۆرەيچۇ، دەپ ئۇياق - بۇياقنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. قارىسام ئالدىمدا ئانچە كەڭ بولمىغان بىر ئويمانسىمان مەيدان تۇرۇپتۇ. مەيداندا كەچلىك تاماقتىن كېيىن بۇ جاينى چۆرگىلىگىلى چىققانلارمۇ، ساياھەت قىلغۇچىلارمۇ بار بولۇپ، تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا تولغان ئىدى. بەزىلەر گىتار چالسا، بەزىلەر ئۇسسۇل ئوينايتتى، بەزىلەر ناخشا ئېيتسا، بەزىلەر ھەر خىل قىلىق چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىللىرىدا بىرنېمىلەرنى دەپ كەيپ قىلاتتى، مەيدان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچىشىۋاتقان تاماشابىنلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار كىشىگە بۇ خىلدىكى دۇنيا بىرىكمە مەدەنىيىتىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بالىلىرىمغا ئالىمەن دەپ ئاران ئۇقتۇرۇپ قىلغان سوۋامنىمۇ قىلالماي دېيىشكەن جايغا ئالدىراپ كەلسەم، باشقىلار مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. قارىسام نېمىس شوپۇر سەل ئالدىراپ قالغاندەك كۆرۈندى، شۇڭا ئىتتىكلا ماشىنىغا چىقتىم. شوپۇر تولىمۇ تېزلىك بىلەن ماشىنىنى قوزغىتىپ، بىز چۈشمەكچى بولغان مېھمانخانىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

«ياۋروپادا 8سائەتتىن ئارتۇق ماشىنا ھەيدەش مەنئى قىلىنىدۇ، ھەرقانداق ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاپتوماتىك خاتىرىلىگۈچ بار، شۇ كۈنى تۇنجى رەت قوزغالغان ھامان ۋاقىتنى خاتىرىلىۋالىدۇ، نەچچە سائەت ماڭغانلىقنى شۇنىڭغا قاراپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق بىلىۋالىدۇ. ئادەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتنىڭ ھەرقانداق قاتناش ساقچىسى خالىغان ۋاقىتتا ماشىنىنى توسۇپ تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق، بۇ خىل ئۇسكۈنە 10يىل بۇرۇنقى سېپىرلارنى ساقلىيالايدۇ ، مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ماشىنىلارغا قاتتىق جەرىمانە قويۇلىدۇ. نورمىدىن ئارتۇق ماشىنا ھەيدەشكە مەجبۇرلانسا شوپۇر ماشىنىنى ھەيدىمەسلىككە ھوقۇقلۇق» دېدى ساياھەت يېتەكچىسى. بىز ئەتىگەن سائەت 8:30 دا يولغا چىققان ئىدۇق ،چوقۇم ۋاقىت توشقۇچە مەنزىلگە يېتىپ بېرىشىمىز كېرەككەن - دە، دەپ ئويلىدىم . دېگەندەك بىزنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن 10 مىنۇت بۇرۇن ئەكەلدى.

22 - سېنتەبىر ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە فىرانسىيە دۆلەتلىك مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىغا باردۇق، نېمە سەۋەبتىندۇر بىز دېيىشكەن ۋاقىتتىن بىر سائەت بۇرۇن بېرىپ قاپتۇق، ئوتتۇرا ياشلىق فىرانسۇز ئايال بىزنى كىچىك بىر يىغىن زالىغا باشلاپ كىرىپ، ساقلاپ تۇرۇشىمىزنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. بىز خېلىغىچە ئولتۇرۇپ ساقلىساقمۇ بىرەرى ئالدىمىزغا چىقمىدى. «چەت ئەللىكنىڭ ۋاقتى ۋاقىت ئىكەن، بىزنىڭ ۋاقتىمىز ۋاقىت ئەمەسكەن - دە، ئادەمنى ساقلىتىپ، قارا بۇلارنى» دېدىم ئىچىمدە غۇدۇراپ. ئاخىرى بىللە كەلگەنلىرىمىز ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق، ئاۋازىمىز تەدرىجىي يۇقىرىلاشقا باشلىدى. باشقا ئىشخانىدىكىلەر تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئىشخانا سىرتىدىن بىزگە قاراپ قوياتتى. ئاخىرى ئۆمەك باشلىقىمىز «ئاۋازىڭلارنى پەسەيتىڭلار» دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. بىراق ئاۋازىمىز دەماللىققا سەل پەسەيگەندەك قىلسىمۇ بىردەمدىن كېيىن يەنە يۇقىرىلاپ كەتتى. شۇ تەرىقىدە بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى فىرانسىيەدىكى ئەڭ چوڭ تېخنىكا مەسلىھەت بېرىش ئورنى بولۇپ، ئەسلىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيەلىك ئورۇنلىرىدا، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان ئالىملاردىن تەشكىللەنگەنىكەن، ئۇلار ئاساسلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە ياردەم تەرىقىسىدە پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردىن مەسلىھەت بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تەكلىپ قىلغان ئورۇن پەقەت بۇ پېشقەدەم ئالىملارنىڭ بېرىش - كېلىش چىقىمىنى كۆتۈرسىلا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە بېرىپ شۇ ساھەدىن ھەقسىز مەسلىھەت بېرىدىكەن. فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پېشقەدەم، تەجرىبىلىك ئالىملارنىڭ ئەقلىي كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۇنيا خەلقى ئۈچۈن ھەقسىز خىزمەت قىلىش روھى مېنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى. بىزدىمۇ بۇ خىل ئاقىلانە تەدبىر يولغا قويۇلسىكەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

سۆھبىتىمىزنى باشلىدۇق. گېرمانىيەدىكىدەكلا بىز بىلەن

سۆھبەتلەشمەكچى بولغان پىشقەدەم ئالىم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاندىن فىرانسىيەنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، فىرانسىيە خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان قوغداش پوزىتسىيەسى، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يېتەكچىلىك رولى، قەدىمكى ئىمارەتلەرنى قوغداش پىرىنسىپى ۋە تەلەپ، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى...قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. فىرانسىيەنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈزۈلمىسى دۆلىتىمىزنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. مەن بۇ دۆلەتتە يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە، ھۆكۈمەتتىن ـ خەلققىچە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغانلىقنى، مەدەنىي مىراسلارنىڭ فىرانسۇز مىللىتىنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان نەرسىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ئۇلار ماڭىا ھەممىلا نەرسىنى قوغدايدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار دۆلەت تەرىپىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىق دەپ بېكىتىلگەنلىكى مىراسلارنى قاتتىق باشقۇرىدىكەن، ھەرقانداق مەدەنىيەت مىراسلىرى مەيلى شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسۇن ياكى دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسۇن، قوغداشقا توغرا كەلسە ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل، ماتېرىيال قاتارلىقلار دۆلەتلىك گۈزەل سەنئەت مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ قاتتىق باھالىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رېمونت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. ئەگەر مەلۇم شەخس ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىنى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن بولسا ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى دائىم رېمونت قىلىشقا بۇيرۇيدىكەن. ئەگەردە شۇ كىشى ئىقتىساد جەھەتتە قىيىنلىپ قېلىپ رېمونت قىلىش راسخوتىنى چىقىرالمىسا، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى قاتتىق تەكشۈرگەندىن كېيىن، راستلىقى ئىسپاتلانسا پۇل چىقىرىپ رېمونت قىلىپ بېرىدىكەن، ئەگەر يېتەرلىك پۇلى تۇرۇپمۇ رېمونت قىلمىغان بولسا تەدرىجىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش ھەتتا دۆلەت پارلامېنتىدىن بېسىم قىلىپ مەجبۇرىي رېمونت قىلدۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدىكەن. مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۈچۈن پارلامېنتتىن بېسىم قىلىش تولىمۇ قاتتىق تۈزۈم بولۇپ، بۇنداق تۈزۈم نەتىجىسىدە پۈتكۈل فىرانسىيەدە ھۆكۈمەتتىن تارتىپ، كارخانا، شەخس، جەمئىيەت، مەكتەپ ئاپپاراتلىرىغىچە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەنىكەن. تۈزۈلمىسىمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە قاتتىق جازالىنىدىكەن. «بىز مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلار ئۈچۈن قوغدايمىز» دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى پېشقەدەم مۇتەخەسسىس. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابىنىڭ پارىژدا تەسىس قىلىنىشىنىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىكەن.

كېيىنكى پىلانىمىزنىڭ ۋاقتى توشۇپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ ئۇدۇللا لوۋىر (Lovre Museum) سارىيىغا باردۇق. بۇ جاي 12 ـ ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە، فىرانسىيە خان ـ پادىشاھلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈكسىز رېمونت قىلىنغان ياكى كېڭەيتىپ ياسالغان، 1793 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ مۇزېي قىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ئىكەن. پۈتكۈل ئىمارەت خۇددى بىر تەبىئىي مۇزېيغىلا ئوخشايتتى. دەرھاللا بېيجىڭدىكى خان سارىيى يادىمغا كەلدى. ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە يارقىنلىقى، ئۇنى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ جىقلىقى... ئىشقىلىپ ھەممە جەھەتتىن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. مونالىزا ھەيكىلى، ۋېناس ھەيكىلىنى نۇرغۇن تاماشىبىنلار ئورىۋېلىشقان بولۇپ، سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈنمۇ خېلى ۋاقىت كېتەتتى. دېمىسىمۇ ۋېناس ھەيكىلى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ، قايسى تەرەپتىن قارىسا ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يارقىن تەرەپلىرى نامايان بولۇپ تۇراتتى. دۇنياغا مەشھۇر بۇ سەنئەت ئەسىرىنى 1820 ـ يىلى بىر دېھقان مىروس ئارىلىدا بايقىغان، دېھقان بۇ ھەيكەلنى يوشۇرۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىر تۈرك ھەربىي ئەمەلدارى تەرىپىدىن بايقىلىپ قالغان، ھەيكەلنى شۇ ۋاقىتتىكى فىرانسىيەنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سېتىۋالغان. ئارخېئولوگلار بۇ ھەيكەلنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 130 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ياسالغان دەپ قىياس قىلىشماقتا . 2000 يىلدىن بۇيان بۇ ھەيكەل ئايال جىنسىنىڭ ئەڭ گۈزەللىكى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلمەكتە. مۇزېي ئىچىدىكى ھەيكەللەر ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى قەدىمكى يۇنان، ئىتالىيە ۋە فىرانسىيە ھەيكەلتىراشلىرى، رەسساملىرى ياسىغان ياكى سىزغان بولۇپ، دۇنيا ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق ساھەسىدىكى مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ. داڭلىق رەسىملەر مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى مەشھۇر ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرى بولۇپ ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق سىزىلغان. تۇرۇپلا كۈسەن غارلىرىدىكى تام سۈرەتلەرنى ئويلاپ قالدىم، بىزنىڭ بۇ ئەسەرلىرىمىزمۇ ۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى قانچىلىك گۈزەل بولغىيتتى ـ ھە؟ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن قەدىمكى يۇنان، قەدىمكى گىرېتسىيە سەنئىتىدىن ھاسىل بولغان قەدىمكى قەندىھار سەنئىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ يىرىك ئەسەرلىرىمىز ھېلىھەم (يۈزلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، قالايمىقان سىزىۋېتىلگەن بولسىمۇ) ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ساقلانغان بولغاچقىمۇ كۆپلىگەن سورۇنلاردا بۇ خىل مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە پەخىرلىنىپ سۆزلىگەندىم. لوۋىر سارىيىدا كۆرگىنىم يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، قەدىمكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەتنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ تۇراتتى. پۈتكۈل مۇزېيغا يۇنان، مىسىر ۋە رىم دەۋرىگە ئائىت 400 مىڭ دانە قىممەتلىك بۇيۇم قويۇلغان. بۇ مۇزېينىڭ بېلەت باھاسى 8 يېرىم ئويرو بولۇپ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 90 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ

مائاش كىرىمگە نىسبەتەن ھېچ گەپ ئەمەس. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن كورگەزمىنى تولۇق كۆرۈپ بولالمايلا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئايرىلدىم.

دېيىشىپ قويغان ئورۇندا يىغىلىشتۇق. بىزگە يېتەكچى بولغان خەنزۇ قىز ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق قىز ئىكەن، ئۇ مېنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەنلىكمنى بىلگەندىن كېيىن، «مەن بۇلتۇر قەشقەرگە بارغان. قەشقەر شەھىرى ناھايىتى قەدىمكى شەھەر ئىكەن. تارىخىي مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان قىسمى ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىشى ۋە قوغدىلىشى تولىمۇ زۆرۈر» دېدى. شۇ چاغدا مەن ھېلىقى فىرانسىيەلىك مۇتەخەسسىسنىڭ «بىز مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلار ئۈچۈن قوغدايمىز» دېگىنىنى ئېسىمگە ئالدىم.

بۇ جايدىن ئايرىلىپ زەپەر دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىمارەتلەر توپىنى تاماشا قىلغاچ، سېنا دەرياسى ئارقىلىق ئېففىل تۆمۈر مۇنارىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئېففىل تۆمۈر مۇنارى «دۇنيا بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇكسەك نامايەندىسى» سۈپىتىدە دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. بۇ مۇنار 1889 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، لايىھەلىگۈچى ئېففىلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئېگىزلىكى 324 مېتىر كېلىدىغان، 1711 پەلەمپەيدىن تەركىب تاپقان بۇ مۇنارغا جەمئىي 7000 توننا تۆمۈر ئىشلىتىلگەن، بۇنچىلىك زور مىقداردىكى تۆمۈر ياۋروپالىقلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇراتتى. مۇنارنىڭ يېنىغا لايىھەلىگۈچىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ تۆمۈر مۇنارنى ياساش «پارىژ شەھىرىنىڭ قەدىمىيلىكىگە تەسىر يېتىدۇ» دېگەن سەۋەب بىلەن پارىژ ئاھالىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ياسىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئىككى يىلدا مۇنارنى ياساشقا سەرپ قىلىنغان پۇل بېلەت كىرىمىدىن تېپىلىپ بولغان. بىز 8 يېرىم ئويرۇ خەجلەپ مۇنارنىڭ 3 ـ قەۋىتىگە چىقتۇق. بۇ جايدىن پارىژ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. قەدىمكى شەھەر قىسمىدا بىرەر ئېگىز ئىمارەتنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتكۈل شەھەرنىڭ بوشلۇقتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ ھەر بىر ئىمارەتنىڭ يەرلىك ئۇسلۇبىغىچە، تار كوچىلاردىن تارتىپ ھەربىر ئېلان تاختايلىرىغىچە ناھايىتىمۇ ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەرنى ھەقىقەتەن قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ئەڭ ياخشى بىرىكمىسى دېيىشكە بولاتتى. بارلىق ئېگىز قۇرۇلۇشلار شەھەرنىڭ بىر بۆلۈكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، شەھەرنىڭ قەدىمىيلىكىگە زادىلا تەسىر يەتكۈزمىگەنىدى.

پارىژ بىر قايناق ھاياتقا تولغان شەھەر بولۇپ، ھەممىلا يېرىدىن بىر خىل مەدەنىيەت پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى، ھەممىلا نەرسىسىدىن سەنئەت ۋە تارىخ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنى قويىنغا سىغدۇرۇپ كەتكەن بۇ ماكاندا سېرىق چاچلىق ياۋروپا ئېرقىدىكىلەر، قارا چاچلىق ئاسىيالىقلار ۋە قارا تەنلىك ئافرىقىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ خىلدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەت قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىكىدەك مەنزىرىنى بۇگۈنكى كۈندە پارىژدا قايتا كۆرگەندەك بولدۇم. فىرانسىيەدە ھەر ساھەدە ئىشلەۋاتقان قارا تەنلىك كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران بولۇپ ساياھەت يېتەكچىسىدىن سەۋەبىنى سورىسام: «ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ئەينى زاماندا فىرانسىيەنىڭ ھامىيلىقىدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ فىرانسىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى ئاسانراق» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەتىسى بىز پارىژ شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان پايسال يېزىسىغا جايلاشقان، بۇرۇن پادىشاھ لوۋىس IV نىڭ ئوردىسى بولغان ۋېرسالىس (Park of Versailles) ئوردىسىنى كۆردۇق. ناھايىتى ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بۇ ئوردىنى ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. بۇ ھەيۋەتلىك ئىمارەتمۇ ئوخشاشلا ئەينى دەۋردىكى مۇستەھكەم دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىمارەت ھازىر شۇ دەۋردىكى پادىشاھ، خانىش ۋە مەلىكىلەرنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن مۇزېي قىلىپ ئېچىۋېتىلگەنىكەن. مۇزېينى ۋىدېيوغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، قويۇلغان بۇيۇملارنى ۋە نەپىس رەسىملەرنى تەپسىلىي سۈرەتكە ئالدىم. ئاندىن كېيىن فونتىن بىلۇۋ سارىيىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ جاي ئەينى دەۋردە ناپولېئون ھوقۇق تۇتقۇزۇپ بەرگەن خانلىق ھەرەمباغ بولۇپ، پۈتكۈل ئىمارەت ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتىكەن، ئەتراپى باغ ۋە كۆل بىلەن ئورالغانىكەن. ئىمارەت قىسمى مۇزېي قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، 12 ـ ئەسىردە سېلىنغان بۇ خانلىق ئوردا 1945 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (NATO) نىڭ باش ئىشتابى قىلىنغان. تامدىكى «ناتو» نىڭ بەلگىسىنى ھازىرغىچە ساقلاپ قالغانىكەن. شۇ دەۋردىكى خانلىق تۇرمۇش ئەكس ئەتتۇرۈلگەن، ئەينى دەۋردىكى ھەقىقىي بۇيۇملاردىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ كۆرگەزمە ھەقىقەتەن تولىمۇ ئوبرازلىق ئىدى. ئوردا ئىچىدىكى نەپىس رەسىملەر، نەقىشلەر، ياۋروپا بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە دۇنياۋى مىراس قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن.

بىز كەلگەندە بۇ جايدا نەچچە جۈپ ياش توي سۈرىتىگە چۈشۈۋاتقانىكەن. بۇ كۆركەم مەنزىرىنى سۈرەتكە تارتىۋاتسام بىر ياۋروپالىق كېلىپ ئىشارەت بىلەن مېنى سۈرەتكە تارتىپ قويىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. مەن رازىمەنلىك بىلەن ئاپپاراتىمنى بەردىم. كېيىن ئۇقسام بىراۋغا خالىس ياردەم قىلىدىغان بۇ خىلدىكى ئىش ياۋروپادا ئومۇملاشقان ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن بىز پارىژدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ 5 سائەتتەك يول يۈرۈپ كېچە سائەت 10 بولغاندا تورۇئۇز (Toulouse) شەھرىگە باردۇق . كەچلىك مەنزىرىسىدىن قارىغاندا بۇمۇ بىر قايناق شەھەردەك قىلاتتى. تورۇئۇز شەھرى فرانسىيەدىكى 4 ـ چوڭ شەھەر، 2 ـ چوڭ ئالىي مەكتەپ شەھەرچىسى بولۇپ، دۇنيادىكى داڭلىق ئالەم قاتنىشى ماشىنىسى ياساش بازىسى ھېسابلىنىدىكەن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئائىربۇس (ئايروپىلان ) ئىشلەپچىقىرىش بازىسى مۇشۇ جايدا تەسىس قىلىنغانىكەن. 420 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بۇ شەھەر ھېلىھەم قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

ئەتىسى بىز بۇ شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسى مىدى قانىلىنى(ئۆستەڭنى) تەكشۈرۈشكە باردۇق. دەسلەپتە كۆرگىنىمىز بۇ ئۆستەڭنىڭ يېزا بۆلىكى بولۇپ، يەكشەنبە كۈنى بولغانلىقتىنمىكىن نۇرغۇن ئادەم ئۆستەڭ بويىدا چېنىقىۋاتقانىكەن. تەلىيىمىزگە ئاشۇ چاغدا بۇ بۆلەكنىڭ باشقۇرغۇچىسى بىزگە ئۆستەڭ سۇلىرىنى، توسمىلىرىنىقانداقئىشلىتىدىغانلىقىنى ئاپتوماتىك كونتروللىغۇچ ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويدى، بىللە بارغانلار بۇ خىل ئۇسۇل دۆلىتىمىزنىڭ سەنشيا قۇرۇلۇشىنىڭ پىرىنسىپىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، دەپ قوشۇمچە قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى باشقىلارغا تەپسىلىي، ھەقسىز، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ قويۇش ياۋروپادا ناھايىتى ئومۇملاشقان قائىدە ئىكەن. بىز تېخىمۇ ئۆرلەپ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى بۆلىكىگە بېرىپ بۇ ئۆستەڭنىڭ ھازىرقى رولى، قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. بۇ خىلدىكى ئۆستەڭلەر بۇرۇن يەر شەكلى ئېگىز ـ پەس يېزىلاردا يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھازىر تامامەن سەيلە ـ ساياھەت ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەنىكەن. قىزىقارلىقى، ئۆستەڭدىكى بىر كېمىدە 5 جۈپ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ كېمىنى ئۆزلىرى ھەيدەپ (ئەرلىرى ھەيدەيدىكەن، ئاياللىرى كېمىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرۇپ تۈز مېڭىشىغا ياردەملىشىدىكەن) ئۆستەڭ بويلىرىدىكى قەدىمكى يېزا، ئولتۇراق ئۆيلەر ۋە تۈرلۈك مىللىي مەدەنىيەتلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى. بىز يەنە بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا كاركاسسون دەيدىغان قەلئەنى كۆردۇق. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئۆز پېتى ساقلانغان بولۇپ، بىر قارىماققا قەشقەر شەھرىگىلا ئوخشايتتى. بەزى تار كوچىلىرىدا بىر ماشىنا ئاران ماڭالايتتى. شەھەر ئاھالىسى ئاساسلىقى ئۆزلىرى ياسىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، بۇرۇنقى ئۇزۇم ھارىقى... قاتارلىقلارنى ساياھەتچىلەرگە سېتىش ئارقىلىق كىرىم قىلىدىكەن. شەھەر مەركىزىدىكى بىر مۇزېيدا زامانىۋى كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئارقىلىق كىشىلەرگە بۇ شەھەرنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخى، رېمونت قىلىنىش تارىخى، لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق تارىخىي ئۇچۇرلارنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرىدىكەن. شەھەرنى قوغداش بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ مەنپەئەتى ناھايىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، ھەممە پۇقرا ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىشقا سېلىپ ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرغانىدى. بۇ خىل ئۇسۇل يۇرتىمىزدىمۇ يولغا قويۇلغاندا شەھەر ئاھالىسى بىلەن قەدىمكى شەھەرنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ياخشىلىغىلى بولاتتى دەپ ئويلىدىم. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ بارلىق ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى ـ چېركاۋ ، مەيدان، يول، شەھەر سېپىلى، تار كوچىلار، سودا ـ سېتىق بازىرى قاتارلىقلار ئەينەن ساقلىنىپ قالغانىدى.

بىز تورۇئۇز شەھرىدىن ئايرىلىپ فرانسىيەنىڭ بوردېئۇش (Bordeaux) شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپ، مىدى ئۆستىڭىنىڭ سۇ مەنبەسى بولغان بوردېئۇش بوغۇزىغا يېقىن دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدۇق. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن ئايرىلىپ بوردېئۇش شەھرىگە يېقىنلاشقانسېرى رەتلىك، كەڭ كەتكەن ئۈزۈم باراڭلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ شەھەر دۇنياغا داڭلىق ئۈزۈم ھارىقى يۇرتى، شۇنداقلا فرانسىيەدىكى ئەڭ چوڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش رايونى بولۇپ، 230 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بۇ شەھەر 2007 ـ يىلى ب د ت مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن پۈتۈن شەھەر (كۆلىمى 150مىڭ گېكتار ) دۇنياۋى مىراس قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. يول بويلىرىدىكى ئۈزۈم باراڭلىرىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، يۇرتىمىز تۇرپاندىكى ئۈزۈم باراڭلىرىنى ئويلاپ قالدىم. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز پېژغىرىم ئاپتاپتا ئۈزۈم ئۈزۈش ئۈچۈن تولىمۇ قىينىلىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ ئۈزۈم تاللىرىمىز بەك زىچ تىكىلىدىغان، ئارىلىق قويۇلمايدىغان بولغاچقا قۇر ئارىلىقىدا ھەرىكەت قىلىش قولايسىز. ئەمما، مەيلى گېرمانىيەدە بولسۇن ياكى فرانسىيەدە بولسۇن، ئۈزۈم تاللىرى رەتلىك، مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇپ تىكىلىدىكەن. 26 ـ سېنتەبىر بىز بوردېئۇش ئايروپورتىدىن ياۋروپادىكى ئاخىرقى بېكەت ئىسپانىيە مادرىد خەلقئارا ئايرودورۇمغا قاراپ ئۇچتۇق .

## ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بوسۇغىسى . ئىسپانىيە

مادرىد ئايرودورۇمى ناھايىتى چوڭ ئايروپورت بولۇپ، بىز بۇ جايدا 3 سائەت ئايروپىلان ساقلاپ ئاخىرى خرىستىيان دىنىنىڭ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىستىقامەت مەركىزى بولغان سانتياگو شەھرىگە (قالغان ئىككىسى قۇددۇس ۋە ۋاتىكان) قاراپ ئۇچتۇق. ئىسپانىيەگە چۈشۈپلا يۇقىرىدىكى ئىككى دۆلەتتىكى چىرايلارغا ئوخشىمايدىغان چىرايلارنى ئۇچرىتىشقا باشلىدۇق. قارىماققا بۇ دۆلەت فرانسىيەگە قارىغاندا خېلىلا ئەنئەنىۋىدەك قىلاتتى. ئەمما كوچىلىرىدا مودا ياسىنىۋالغان، تاماكا چېكىۋاتقان ئاياللارنى

قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. مادرىد ئايرودۇرۇمىدىن ئۇچۇپ بىر سائەتتىن كېيىن ۋىگو ئايروپورتىغا كېلىپ قوندۇق. مەقسىتىمىز دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن، خرىستىيانلار ھەج تاۋاپ قىلىدىغان جاي سانتىياگو چېركاۋىنى كۆرۈش ئىدى. ئايرودۇرۇمدا بىزنى ياشقا چوڭراق بىر ئىسپان شوپۇر كۈتۈۋالدى. ماشىنىمىز خېلىلا چوڭ ئىدى. ياۋروپادا چوڭ ماشىنىنىڭ كىرا ھەققى كىچىك ماشىنىغا قارىغاندا ئەرزان ئىكەن. بۇ قېتىم ساياھەت يېتەكچىسىمۇ ئالماشقان بولۇپ، بىر تەيۋەنلىك خانىم ئىدى. ئۇ ماشىنىدا ماڭغاچ بىزگە ئىسپانىيەنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئىسپانىيەدە 4 چوڭ مىللەت بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى ۋە يېزىقى بار، پارلامېنتتا ھەممىسى ئۆز تىلىدا پىكىر بايان قىلىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆز تىلىدا مەكتەپلىرى بار، باللار ئۆز تىلىدا دەرس ئاڭلايدۇ» دېدى. «7-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان ئەرەبلەر ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئىسپانىيەنى بېسىۋالغان ھەمدە ئىسپانلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان. ئۇلار شۇ چاغدا سانتىياگو شەھىرىنىمۇ بېسىۋالغان بولۇپ پۈتۈن شەھەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن بىلەن سانتىياگو چېركاۋىغا چېقىلمىغان، بۇ بىر مۆجىزە ھەمدە تا ھازىرغىچە يېشىلمىگەن سىر» دېدى ساياھەت يېتەكچىسى. ئارىلىقتا ساياھەت يېتەكچىسى كۇبا دۆلىتىنىڭ باشلىقى كاستىرونىڭ يۇرتى مۇشۇ جاي دەپ قوشۇپ قويدى. مەن سانتىياگو دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا بۇ نامنى بىر كىتابتا كۆرگەندەك ھېس قىلدىم. ئەمما ئەسلىيەلمىدىم.

ئىسپانىيە پۈتۈنلەي ئېدىرلىقتىن تەركىب تاپقان دۆلەت بولۇپ، تۈزلەڭلىكلىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن. بۇ چېركاۋمۇ بىر دۆڭلۈككە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىنى قەدىمىي ئولتۇراق ئۆي، تار كوچىلار ئوراپ تۇراتتى، قارىماققىلا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇسلۇب جەھەتتە ياۋروپا گوت شەكلىدە سېلىنغان بۇ چېركاۋ ئىستىقامەت قىلغۇچىلار بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەر ئەيسانىڭ ھەيكىلىنى قولى بىلەن سىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇشاتتى. چېركاۋنى ئايلىنىپ سۈرەتكە تارتىۋاتساق ئارقا تەرەپتە بىر بوۋاينىڭ چېركاۋنىڭ تېمىغا قارىتىپ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. چېركاۋ ئىچىدە بەزىلەر توۋا - ئىستىغپار ئوقۇۋاتسا، سىرتىدا بەزىلەر چېركاۋ تېمىغا قارىتىپ كىچىك تەرەت قىلىدىغان بۇنداق ھالنى پەقەت ئەركىن ياۋروپادىلا كۆرگىلى بولسا كېرەك، بىز كۆرۈۋاتقان بۇ چېركاۋ دۇنياۋى مىراس «سانتىياگو ھەج يولى » نىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، فىرانسىيە بىلەن ئىسپانىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى يول بويىدىكى بارلىق ئىمارەت، قونالغۇ، كۆۋرۈك، ھەج ئەسلىھەلىرى مۇشۇ مىراس تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن، خرىستىيانلارنىڭ ھەج پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مىراسلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكى سانتىياگو چېركاۋى ئىدى. بىز بۇ جايدىن باشلاپ قەدىمكى مەدەنىيەت كارىدورىنى بويلاپ مادرىد شەھىرىگە بارماقچى، شۇ جەرياندا يول بويىدىكى ھەج يولىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئىمارەتلەر، شەھەرلەرنى كۆرمەكچى ئىدۇق. يولبويى توپ - توپ بولۇپ يۈك كۆتۈرۈپ پىيادە كېتىۋاتقان ھەججىلەرنى ئۇچراتتۇق. ئۇلار بۇ قەدىمكى يولنى ئەينەن ساقلاپ قالغان بولۇپ كەڭلىكى 2 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ھەججىلەر 5ياكى 6 دىن بولۇشۇپ پىيادە سانتىياگو چېركاۋىغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. بىز ئەتراپنى توختىماي سۈرەتكە ئالدۇق. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى بۇ قەدىمىي تۇپىلىق يولنىڭ يېنىغىلا يېڭى تاشيول ياساپمۇ بۇ قەدىمكى يولنى بۇزۇۋەتمەي ساقلاپ قالغان ئىكەن.

ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ يەنە يىراقتا قالغان يۇرتۇمنى ئويلاپ قالدىم، ئەلمىساقتىن خەلقىمىز ھەر يىلى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ھەرەمگە ھەجگە بېرىپ كەلگەن، بۇرۇنقى زامانلاردا ھايۋانلارنى قاتناش قورالى قىلىپ نەچچە ئاي بۇرۇن يولغا چىقىپ، قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ مېڭىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج پائالىيىتىگە قاتنىشىپ قايتقۇچە يول بويلىرىدا نۇرغۇن راباتلارنى، ئۆيلەرنى سالغان ياكى ياسىغان بولغىيتتى، ئەمما ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ قانچىلىكى ساقلىنىپ قالغانلىقى نامەلۇم. ئەگەر بىزدىمۇ ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى بار بولسا نېمە ئۈچۈن بىر نەچچە دۆلەت بىرلىشىپ بۇ مىراسلارنى دۇنياۋى مىراس قاتارىغا يوللىمىدى؟

كەچتە بىز قەدىمكى قەلئەگە يېقىن بىر مېھمانسارايغا چۈشتۇق. رىم دەۋرىدىكى بۇ قەلئە گەرچە تولىمۇ قەدىمىي كۆرۈنسىمۇ، سېپىلغا يېقىن سېلىنغان يېپيېڭى ئىمارەتلەرگە قاراپ: ئىسپانىيەلىكلەر فىرانسۇزلارغا قارىغاندا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئەمما تۇرۇپلا تېخى يېرىم ئەسىر بۇرۇن ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدە يەر تېرىۋاتقان، شەھەر توپىسىنى «كۆن كۆرگەن توپا، ياخشى ئوغۇت» دەپ ھارۋىلارغا ئۇسۇپ سىرتقا توشۇۋاتقان، ئۆرۈلۈۋاتقان سېپىل ۋە باشقا مۇھىم قەدىمكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم. ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا كىملىكىمىز توغرىسىدا ئەمدىلىكتە ئويلىنىۋاتقان ۋاقتىمىزدا شۇ دەۋردىكى دېھقانلىرىمىزدىنمۇ ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. بۇ قەدىمىي قەلئە 2000يىل بۇرۇنقى رىم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2400 مېتىر كېلىدىكەن، تۈنجى تۈركۈمدە دۇنياۋى مىراس قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. ئەسلى ئەتراپ مۇھىتى خېلىلا بۇزۇلغان بۇ خىل دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى ‹دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراس › قاتارىغا كىرگۈزۈلمەسلىكى كېرەك. دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇنيا خەلقى ئورتاق پەخىرلىنىدىغان، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەدەنىيەت

مىراسلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يۈكسەك شاھىتى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدىم. بىلىشىمچە دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى مەركىزى قۇرۇلغان ۋاقىتتا بۇ خىل خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتى ئۈچۈن كەلتۈرىدىغان زور پايدىسىنى پەقەتلا فىرانسىيە، ئىسپانىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە قاتارلىق بىر نەچچە دۆلەتلەر چۈشەنگەن ھەمدە ئاشۇ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. دېمەك، بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ دەسلىپىدە پەقەتلا ياۋروپادىكى قىسمەن دۆلەتلەر ئۆزىدە بار بولغان قەدىمكى گىرېتسىيە ۋە قەدىمكى رىم دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن يوللىغان ھەمدە توسالغۇسىزلا دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە ياۋروپا ساياھەتچىلىكى يەنە بىر بالداق تەرەققىي قىلغان. مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاق ھەتتا شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى يۈكسەلگەن، شەھەر ئاھالىسىمۇ بېيىغان. خەلقئارا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئاسىيا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ئەللەرمۇ بۇ خىل ئەجايىپ تەرەققىياتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، بەس - بەستە ئۆزلىرىدە بار بولغان مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە يوللىغان.

1986 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلىغان. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، مۇشۇ «ئەھدىنامە» نىڭ تۈرتكىسىدە دۆلىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرگە ئۆزىنىڭ يارقىن مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا يوللاپ خەلقئارا سەھنىدە نامايان قىلىش پۇرسىتى تۇغۇلدى. چۈنكى، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگەن ھەرقانداق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن چوقۇم سىرتقا ئېچىۋېتىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. دۆلىتىمىزدە نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى قوغداش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن سىرتقا ئېچىلمايدۇ. ئۇنىدىن باشقا كىرگۈزۈلمەكچى بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئەتراپ مۇھىتى ياخشى بولۇش، يەرلىك خەلقنىڭ بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا تونۇشى ۋە ھېسسىياتى ئۈچۈق بولۇش، مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەقىقىي تۈردە قوغدالغان بولۇش، يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەخسۇس قانۇن ئېلان قىلىنغان بولۇش، شۇ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا يىرىك پىلان تۈزۈلگەن بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن تەلەپلەر قويۇلىدۇ. يۇقىرىقى تەلەپ-شەرت ئاستىدا ئىلتىماس قىلغۇچى ھۆكۈمەت نۇرغۇن مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ شۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەلەپكە ئۇيغۇن قوغداش تەييارلىقى قىلىدۇ ھەمدە يىلدا بىر قېتىم ئىلتىماس قىلغان ئورۇننى مۇتەخەسسىسلەر ئالدىن تەكشۈرىدۇ. شۇنىڭدەك باھالاپ بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

دېمەك، ياۋروپادا باشلانغان بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ھەرىكىتىنىڭ دەسلىپىدە شەرت، تەلەپلەر قاتتىق قويۇلمىغاچقا، ئىسپانىيەنىڭ لوگو شەھىرىدىكى بۇ قەدىمكى قەلئەنىڭ ئەتراپ مۇھىتى شۇنچىلىك ناچار بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگودىمۇ 1987 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 4 ئورۇن بىراقلا دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەي ياكى ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوغداش، ئەتراپ مۇھىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغاچقا، 2000 - يىلدىن باشلاپ ھەر بىر دۆلەت شۇ يىلدا پەقەت بىرلا مەدەنىيەت مىراس تۈرىنى يوللاشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تېخىمۇ قىيىنلاشقان. ھازىرغا كەلگەندە ئىلتىماس قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت تولىمۇ كەسكىنلىشىپ، قويۇلىدىغان تەلەپلەرمۇ يۇقىرىلاشقان. ئىسپانىيە بۇ جەھەتتە ئىشنى بالدۇر باشلىغان بولۇپ، ھازىرقى كۈندە دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سانى جەھەتتە دۇنيادا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بىرىنچىسى ئىتالىيە بولۇپ، جۇڭگو 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كېيىن ئۇقسام فىرانسىيەنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى تەجرىبە ۋە پىرىنسىپلىرى پۈتۈن ياۋروپا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغىمۇ ئۆرنەك ئىكەن.

ئەتىسى بىز مادرىد شەھىرىگە قايتتۇق. بۇ جەرياندا بورگۇس شەھىرىدىكى بورگۇس چېركاۋىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بورگۇس شەھىرى ئىسپانىيەدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر بولۇپ، ياۋروپادىكى دۇنياۋى مىراس قاتارىغا كىرگەن 3 چوڭ چېركاۋنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ چېركاۋمۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، تاۋاپ قىلغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. چېركاۋدا ئىسپانىيەلىكلەر ئەرەب مۇستەملىكىسىدە تۇرغان دەۋردە ئىسپانلارغا باش بولۇپ ئەرەبلەرگە قارشى «ئىنتىقالىيەت» ئۇرۇشى قىلغان مىللىي قەھرىمان گېنېرال شىدىۋا ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قەبرىسى بار ئىكەن. چېركاۋ ئىچىدىكى نۇرغۇن جايلارغا بۇ مىللىي قەھرىماننىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تەسۋىرلىگەن رەسىملەر سىزىلغان ئىكەن. ياۋروپالىقلار ئىسپانلارغا رەھمەت ئېيتسا بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم رەسىمدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى تەھلىل قىلغاچ. تۇرۇپلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە بىر خىل

ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ بارمۇ، قانداق دەپ ئويلاپ، كۆڭلۈمدىكىنى سەپەردىشىم شەنشى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئارخېئولوگ لىيۇ يۇنخۇيغا دېۋىدىم، ئۇ كىشىمۇ مېنىڭ پىكرىمنى قوللاپ «ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە توختىماستىن كېڭىيىشىدە ئورتاق ئىدېئولوگىيەنىڭ يۇكسەك يوشۇرۇن كۈچى بار، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرلىكنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئىچكى قىسىمدا ئىدېئولوگىيەنىڭ بىردەكلىكىنى شەرت قىلغان» دەپ قوشۇپ قويدى. مەن شۇ چاغدىلا مەدەنىيەتنىڭ شۇ دەرىجىدە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەتتا پارچە-پارچە دۆلەتلەرنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى، ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئىقتىسادتىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

يولبويى يۇرتۇمنىڭ شىمالىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، يۇكسەك دەرىجىدە ئاپتوماتلاشقان يېزا ئىگىلىك ئەسلىھەلىرى، ئېگىز - پەس يەر تۈزۈلۈشىگە تولىمۇ ماس كەلتۈرۈلگەن بىپايان ئېتىزلىقلارنى بويلاپ ماڭدۇق. تۈز كەتكەن يەر شەكلىنى ئۇچرىتىش تەس ئىدى. يولبويىلىرىدا دۆڭلەرگە ئورنىتىلغان شامالدىن توك چىقىرىش ئىستانسىلىرىنىڭ چاقپەلەكلىرى ناھايىتى شالاڭ كۆرۈنەتتى.

چۈش بىلەن ياۋروپا سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان ئىسپانىيە پايتەختى مادرىدقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەر ماڭا قەدىمىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن خەلقئارالىق شەھەردەك تۇيغۇ بەردى، شەھەر قىياپىتى پارىژغا قارىغاندا سەل قالايمىقان بولۇپ كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشىمۇ ئانچە رەتلىك ئەمەستەك قىلاتتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ چىرايىمۇ ھەر خىل تىپقا مەنسۇپ ئىدى. شەھەر كوچىلىرىدا بىزگە شىمالىي ئامېرىكىدىكىلەرگە ئوخشاش چىرايلار ئۇچراشقا باشلىدى. كېيىن بىلسەم ئارگېنتىنا، بىرازىلىيە، كۇبا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئاساسلىقى ئىسپانىيەدىن كۆچۈپ بارغانىكەن. «مادرىد سەل قالايمىقان، كوچىدىلا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئەھۋال بار، دىققەت قىلىڭلار» دەپ ئەسكەرتتى ساياھەت يېتەكچىسى. دېمىسىمۇ ھەرقانداق ساياھەت ئورۇنلىرىدا پۇرسەت ئىزدەۋاتقان يامان غەرەزلىك كىشىلەرنى سېزىۋالغىلى بولاتتى، چارلاۋاتقان ساقچىلارنىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ جاي ياۋروپا قىتئەسىنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، ئافرىقىدىكى ئالجىرىيە بىلەن ناھايىتى قىسقا بوغۇز ئارقىلىق چېگرالىنىپ تۇرىدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ياۋروپا-ئافرىقا سودا-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن.

ئىسپانلار ماڭا ناھايىتى مەغرۇردەك تۇيغۇ بەردى. بىز شەھەر سىرتىدىكى بىر مېھمانخانىغا چۈشتۇق، ئەتىسى ئىسپانىيە خانلىق مادرىد كوماندا كۇلۇبىنىڭ مۇسابىقە مەيدانى، سېرۋانتېسنىڭ ھەيكىلى، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ خان ئوردىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆردۇق، بولۇپمۇ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن خانلىق ئوردا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. كاتولىكلارنىڭ مۇزېيى يەر ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى چوڭ دىنلار، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئارخىپى، چوڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلگەن ئىكەن. بىر يەرگە قارىسام تۈركلەرنىڭ دەپنە ئادىتىنى ۋىدېيو ئارقىلىق چۈشەندۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ خۇددى يۇرتۇمدىكى بىر نەزىرگە قاتنىشىپ تۇپراق بېشىدا بولىدىغان بارلىق قائىدە-يوسۇنلارنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ دەپنە ئادىتى بىزنىڭ دەپنە ئادىتىمىزگە بەكلا ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ مۇزېيدا كۆرۈنۈش ئېلىش چەكلەنگەن بولۇپ، ياۋروپادىكى بىردىنبىر سۈرەتكە ئېلىشقا بولمايدىغان مۇزېيدەك قىلاتتى. ئەمما بارلىق مەزمۇندىن دۇنيادىكى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئىدى. مۇزېينىڭ كىرىش ئىشىكىدىكى تامدا كولۇمبۇنىڭ دېڭىز يۈرۈشى ۋە بارغان ئورۇنلار ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ قاپارتما ھالەتتە چۈشەندۈرۈلگەنىكەن.

چۈشتىن كېيىن بىز ئىسپانىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىدارىسىگە بېرىپ مەدەنىيەت كارىدورىنى قانداق قىلىپ دۇنياۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا يوللاش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردۇق. لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەي تېزلا قايتىپ چىقتۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى ياۋروپا دۇنياۋى مىراسلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىز ئاياغلاشتى. مادرىد ئايرودرومىدىن ئىتالىيەنىڭ رىم ئايروپورتى ئارقىلىق بېيجىڭغا قايتىپ كەلدۇق. ياۋروپادىكى ساياھىتىمىزدىن مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قانداق قوغداش ئۇسۇللىرى، قوغداش پرىنسىپلىرى، ئەجدادلارنىڭ ئىزلىرىنى قانداق قىلىپ ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش، مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن پايدىلىنىش يوللىرى، بولۇپمۇ نېمىنى قوغداش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتتە چوڭقۇر ھاسىلاتلارغا ئېرىشتىم. يارقىن مىراسلىرىمىزنىڭ قانداق قوغدىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتە يەنىلا نۇرغۇن يوللارنى بېسىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاپتور: چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىناكارلىق فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورانتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى



# ئادەم ئاتىسىنىڭ بالىلىرى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئوخشاشمىغان تۈركۈمدىكى كىشىلەرنىڭ تەرەققىيات ياكى ياشاش پۇرسىتى ئىزدەپ، يۇرت - ماكانلىرىدىن چىقىپ، چوڭ شەھەرلەرگە جۇغلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئىش، سودا بىرلىكىدە ئۇچرىشىشى، مەدەنىيەت ۋە مائارىپتا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشى بۈگۈنكى زامان جەمئىيىتىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن بىرى.

بۈگۈنكى كۈندە بىرىتانىيەنىڭ پايتەختى لوندون تۈرلۈك مىللەتلەر ياشايدىغان خەلقئارا چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە ئاسىيالىقلار، ئافرىقىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن كۆلەمدىكى جامائىتىنى تەشكىل قىلىپ ياشايدۇ. پىروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى لوندوندا بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا لوندوندىكى ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ھالىتىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە نائىل بولغان. ئۇ، تەھرىراتىمىزنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تەسىراتلىرىنى مىللەت ھەققىدىكى بەزى قاراشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىتابخانلارغا سۇندى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە چۈشىنىش مۇھىم بولۇۋاتقان، ماس ۋە ئىلمىي تەرەققىيات تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى كۈندە، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكىللىرى ھەققىدە زور بولغان مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىش ئاكتۇئال قىممەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

مۇھەررىردىن.

ناتونۇش ئىقلىملارغا بارغاندا، تەبىئەتنىڭ رەڭدارلىقىنى، جەمئىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ خىلمۇ- خىللىقىنى، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان سىياسىي تۈزۈملەرنى كۆرۈش ۋە ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرىمىز، ئۆزىمىزدىكى نۇقسانلارنى، باشقىلاردىكى ئەۋزەللىكلەرنى بايقايمىز، نەتىجىدە، ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشىنىش

## مىللەت ۋە چۈشىنىش

سۇبيېكتىپلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئەمەلىيلىككە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۆزىمىز ھەققىدىكى دىياگنوز ئەمەلىي بولغانسېرى، ئىللەتلىرىمىزنى كەسكىن تەنقىد قىلالايمىز ۋە ئۆزگەرتەلەيمىز. خىسلەتلىرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپەيتەلەيمىز.

ۋاھالەنكى، چەت ئەلگە چىقىش ۋە ساياھەت قىلىش بىر جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، يۇزەكى ئادەملەر گۈزەل مەنزىرىگە ۋە ھالاۋەتلىك تۇرمۇش يوسۇنلىرىغا، ئەۋزەل ئىجتىمائىي تەرتىپلەرگە مەست بولۇش بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ھەتتا، ئۇلار ئاشۇنداق راھەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ

ئۆزلىرىدە بولمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىشى مۇمكىن، ئاز - تولا پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى ئارقىلىق مەنىۋىيىتىنى غىدىقلاپ، دۇنيا ۋە ھايات توغرىسىدا، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە بۇرچى توغرىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر ئويلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇنۇپ كۆرۈشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ياراتقۇچىنىڭ كاتتا بىر ئەسىرى سۈپىتىدە ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە خۇشلۇق ئېلىپ كېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ناباب تەرەپلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى جاراھەتلەرنى ئەملەيدۇ، ئىنسانغا ئىستخىيەلىك ھۆرلۈك تەمەسىنى سالىدۇ. ئوخشاشمىغان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ئادەتلىرى ئادەمنى ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتكە نىسبەتەن كەڭ قورساق، ئوچۇق پوزىتسىيەدە بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋردە ئۆز مۇھىتى ۋە ئەتراپىغا نىسبەتەن كەڭ نەزەر دائىرە يېتىلدۈرگەن مىللەت ئىدى. ئورخۇن ئابىدىلىرىگە قارىساق، قوشنا ئەللەرنىڭ مىجەز - خۇلقى توغرىسىدىكى ئانتروپولوگىيەلىك پىكىرلەرنى ئۇچرىتىمىز، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز خەلقىنى ئەينى زامان جاھان ھاكىمىيىتىنىڭ ساھىبى بولمىش ئەرەب ئەللىرى بىلەن پاراللېل قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر غايىۋى جەمئىيىتىنىڭ ئەندىزىسىنى قۇرۇپ چىققاندا، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر خۇرۇچلىرىنى يۇنان، ئىران، تۇران تېررىتورىيەلىرى بىلەن بېيىتىدۇ. بوۋىمىز مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدىن جاھانغا يۈكسەك غۇرۇر بىلەن نەزەر تاشلىغان شىر يۈرەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ئۈستىدىكى جەۋلانىنى كۆرەلەيمىز. زەھىرىدىن مەھەممەد بابۇرمۇ ئۆزىنىڭ «بابۇر نامە» دېگەن ئەسىرىدە ماۋەرائۇننەھر، كەشمىر، ھىندىستان دالالىرىنىڭ تاغ - دەريالىرى ۋە گۈل - گىياھلىرىنى زوق - شوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلار دۇنيا ھادىسىلىرى ئارىسىدا ئەقلى لال بولۇپ، ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغان ئەمەس، بەلكى، دۇنياغا بولغان خوجايىنلىق ھېسسىياتى بىلەن مەغرۇر ياشاپ، باشقىلارنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىشقان ئىدى. بىز يۇقىرىقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆزىمىز ۋە قوشنىلىرىمىز ھەققىدىكى نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشىمىز. ئۇيغۇرلار مەيلى ئىرقىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن بولمىسۇن، مەيلى دىن ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بولمىسۇن دۇنياۋى كەڭلىككە ئىگە بىر خەلق. بىز بۇ خەلقنىڭ ئومۇمىي تەرىپىنى ئىنسانشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز ئاللىبۇرۇن ئادەتلىنىپ كەتكەن تار رايون تەپەككۇرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، خەلقئارا كەڭلىكتە نەزەر سېلىشىمىز كېرەك.

بىزدىكى ئورخۇن ئابىدىلىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تارىخىي رەشىدى»، «بابۇرنامە» دۇنيانى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى جاھاننىما ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىدۇر. ھازىر بىز دەۋاتقان «ساياھەت ئەدەبىياتى» تېخىمۇ كەڭ مەنىدە جاھاننىما ئەدەبىياتى دېيىلسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. يۇقىرىقى ئەسەرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىجتىمائىي ھالىتى توغرىسىدا رېئال تونۇش ھاسىل قىلىپ، بىخۇدلۇق ۋە غەپلەتتىن يىراق ياشىغانلىقىنى بىلەلەيمىز، ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق ئېسىل ئەنئەنە بىر پۈتۈن تارىخىمىزدا تالاي قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغان.

يېتەرلىك پۇرسەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىد جاھاننىڭ قىسمەن تەرەپلىرىگە غىل - پال بولسىمۇ نەزەر سالدىم. تەسىراتلىرىمنىڭ يۈزەلىكى ئېنىق، لېكىن، پىكىر ھېرىسمەنلىكىم قايناپ تۇرىدۇ. تەبىئىي ھالدا ئۆزۈم تەۋە بولغان توپ — ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە چۈشەنگەن خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مەلۇم يەكۈنگە ئىگە بولدۇم. بۇ يەكۈنلەرنى نەزەرىيە ياقتىن قېلىپلاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتە، بىزدىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە بىر قىسىم ئەمگەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئادەملەر بار، بىز ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەپەككۇر يىپ ئۇچلىرىنى بېرىمىز.

مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇلقى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار تالاي، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن گەپ ئاچالمايمىز. مەن پەقەت ئەقلى خاتىرەمدىن ئورۇن ئالغان بەزى پىكىرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە ھەدىيە قىلاي:

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى لى مىڭ (黎鸣) ئىسىملىك بىر خەنزۇ ئالىمنىڭ «ئادىمىيلىككە سوئال» («问人性») ناملىق ئىككى قىسىملىق كىتابىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەنگلىيەگە ئىلمىي زىيارەتكە چىقىپ، ئىنگلىز مىللىتىنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئويلارغا پاتقىنىمدا، لى مىڭ

ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى قاراشلار ئېسىمدىن كەچتى. بۇ يەردە ئېسىمدىن كەچكەن ئاشۇ پىكىرلەرنى كىتابخانلىرىمدىن ئايىماسلىقنى لايىق تاپتىم.

لى مىڭ ئەپەندى كىتابىدا جۇڭخۇا، ئىنگلىز، يەھۇدىي مىللەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىي ئادىمىلىك نۇقتىسىدىن تەكشۈردى. كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «جۇڭگو، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەقدىرى» (中西文化的历史命运) بولۇپ، ئاپتورنىڭ بايان قىلىشىچە، ئامېرىكا ئىرقشۇناسلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ شىمالىي ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىشىنى چەكلىگەن ئىكەن، بۇنىڭغا ئىلمىي ئاساس تېپىش ئۈچۈن ئۇلار موڭغۇل ۋە جۇڭگو ئىرقلىرىنىڭ مېڭە سىغىمىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مېڭە سىغىمىنىڭ ئىنگلىز ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە ئامېرىكىدىن ئىبارەت «گۈزەل جەننەت» كە ئۇلارنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلغان. ئەمما، موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە بولغان ياپونلارنىڭ 20 - ئەسىردە باش كۆتۈرۈشى ئىرقشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. بۇ ئارقىلىق ئاپتور بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان كۈچلۈك ئامىل خاراكتېر بولۇپ ئاندىن قالسا ئىنسانىيلىق، ئاندىن قالسا، ئىرق دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ مۇھىملىق نىسبىتى: 1 : $10^2$ : $10^5$

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ ئىرق سۈپىتى باراۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل سۈپىتى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈزۈلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھۆكۈم كورېيە دوڭسېيۇ ئۇنىۋېرسىتېتى (Dongseo University) نىڭ پروفېسسورى جاڭ شىڭۋەن (张圣万) ئەپەندىنىڭ «رەقەملەشكەن جەمئىيەتنىڭ ئەقىل - پاراستى» (《生活在数字化社会的智慧》) ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مۇنۇ بايان بىلەن بىردەك:

«Newton» ژۇرنىلىدا DNAغا ئائىت قىزىقارلىق بىر دوكلات ئېلان قىلىنغان. دېيىلىشىچە DNA نىڭ تىپى ئىككى خىل بولىدىكەن. بىرى، L(Long) تىپلىق بولۇپ، ئاكتىپ، ئىجادىي ۋە مۇقىمسىز بولىدىكەن. يەنە بىرى، S(Short) تىپلىق بولۇپ، كونسېرۋاتىپ، مۇقىم بولىدىكەن. ئادەملەرنىڭ گېنى ئۈچ خىل بولىدىكەن؛ S تىپلىق، L تىپلىق ۋە SL ئارىلاشما تىپلىق. L تىپلىق ئادەملەر ئىجادچان بولىدىكەن، S تىپلىق ئادەملەر ئەسلىدىكىسىنى ساقلاشقا مايىل بولىدىكەن. ئارىلاش (L+S) تىپلىق ئادەملەر مۆتىدىل بولىدىكەن. ئامېرىكىدىكى L تىپلىق ئادەملەر 30%، ئارىلاش تىپلىق ئادەملەر 50%، S تىپلىق ئادەملەر 20% ئىكەن. ياپونىيەدە بولسا L تىپلىق ئادەملەر 1.9%، ئارىلاش تىپلىق ئادەملەر 30.1%، S تىپلىق ئادەملەر 68% ئىكەن.

بىر جەمئىيەتتە L تىپلىق ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجادچان، ئىسلاھات روھىغا باي ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. گېنشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىچە، گېننىڭ 50% تى ئىرسىيەتتىن بولىدىكەن، 50% تى بولسا مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. دېمەك، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ئىلغار، مائارىپى ئەۋزەل بولسا شۇ جەمئىيەتتە ئىجادچان گېن كۆپىيىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى قالاق، مائارىپى ناچار بولسا شۇ جەمئىيەتتە قاتمال، كالۋا ئادەملەر كۆپىيىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، ھاكىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قوۋملارنىڭ ئايرىم سەرخىللىرى باشقىلارنى «مەدەنىيەتسىز»، «قالاق» دەپ چوكۇرۇشكە ئامراق بولىدۇ. بۇ ھال تارىختا تەكرار كۆرۈلگەن مەسىلە بولۇپ، ھەتتا، ئەينى ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىدىن قاقشىغانلارمۇ ئازراق قەد كۆتۈرۈۋالسا كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

لى مىڭ ئەپەندى ئادەمىيەت (人性) مەنسەپ، بازار، ئەقىدە قاتارلىق قىممەت قاراش كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ تۇتاش چەمبىرلىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھوقۇققا ئېرىشىش ۋە ھوقۇق ئارقىلىق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى خاھىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنى لى مىڭ ئەپەندى ھوقۇق خاھىشى (官场) دەپ ئاتىغان. ھوقۇق خاھىشىدا بۇيرۇق بىلەن بويسۇنۇش تەڭ مەۋجۇت. ھوقۇق خاھىشىنىڭ ئاقىلانە يولى ئادالەت، ھەققانىيەت پىرىنسىپىنى چۆرىدەپ كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئەمىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ھوقۇق خاھىشىنىڭ ئەقىلگە يات يولى ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش بولۇپ، ساختىپەزلىك، مەككارلىق، قىزىلكۆزلۈك، رەھىمسىزلىكلەرنى يورغىلىتىدۇ.

پايدا ئىزدەش ئىنساننىڭ يەنە بىر تەبىئىتى، بازار دەل ئاشۇ پايدا ئىزدەش خاھىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ساھە. بۇ يەردىكى بازار نوقۇل ھالدا سودا پائالىيىتىنى، پۇل تېپىش، تاۋار ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارنى

كۆرسەتمەيدۇ، يەنە ئۇ ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ئالاقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئىگىلىكنى ئەركىن تاللاش پىرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىش، ئىجاد قىلىش، بىر - بىرىگە تايىنىش، ھەمكارلىشىش، ئۆز پايدىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پايدىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش بازارنىڭ ئاساسىي روھىدۇر، بازار ھوقۇقنىڭ قانۇنىي كاپالىتى ئاستىدا ئۆزى ئۈچۈن بەخت‌ەرلىك مۇھىتى يارىتىدۇ ھەم ئۆزىدىكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئارقىلىق ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئاشقان كونترولىغا چەك قويىدۇ. بازار يەنە نىسپىي مۇستەقىل ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، ھېسسىيات خاھىشلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئادەمنى ھوقۇقنىڭ ئەشەددىي تىزگىنلىشىدىن ساقىت قىلىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىدىدىن ئەقىل - پاراسەت ۋە روھىي كۈچ ئالىدۇ.

ئەقىدە (情场) ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى قىممەت ئىزدەش تەبىئىتىگە قارىتىلىدۇ. ئىنسان سېغىنىش، چوقۇنۇش، قورقۇش، خۇشال بولۇش، نەپرەتلىنىش، رەھىم قىلىش، ئېتىقاد قىلىش تەبىئىتىگە ئىگە. بۇلار ئىلاھ، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەم قاتارلىقلارغا مەركەزلىشىدۇ. ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا (پەلسەپە) ۋە باشقا ئىلىملەر ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى قىممەت خاھىشلىرىنىڭ سەمەرىلىرىدۇر. ئەقىدە (مەنىۋى قىممەت) كىشىلەرگە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئۆلچەم - پىرىنسىپلىرىنى تەمىن ئېتىدۇ.

جۇڭگو بىلەن غەرب ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشىمىغان يەكۈنلەرنى بەرگەن، غەرب ئىنسانىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى رەزىل دەپ ئويلاپ، ئىنچىكە قانۇن - تۈزۈم ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان. جۇڭگو ئىنسانىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ياخشى دەپ قاراپ، بىر قاتار يوسۇنلارنى ئىشلەپچىقارغان، فېئودال خانلارنىڭ رايىنى چۆرىدىگەن بىر قاتار قائىدىلەر قانۇننىڭ رولىنى ئۆتىگەن. غەرب قانۇنلىرى ھۆكۈمران بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مەھسۇلى، جۇڭگونىڭ قانۇنى بولسا ھۆكۈمرانىنىڭ خاھىشىنىڭ مەھسۇلى. غەربتە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يوسۇنى خۇدا ئالدىدىكى باراۋەرلىكنى نېگىز قىلغان. جۇڭگودا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پادىشاھنىڭ مەيلىنى نېگىز قىلغان.

لى مىڭ ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيىتى بويىچە، جۇڭگولۇقلارنى ھوقۇق مىللىتى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، كۇڭزى ئەقىدىسى بىر تۈرلۈك ھوقۇق پەلسەپىسىدۇر ياكى بىر تۈرلۈك ھوقۇق مەدەنىيىتىدۇر. كۇڭزى ئەقىدىسى ياخشى ئارزۇلارغا ئىگە بولسىمۇ، ھېچقاچان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئايلىنالمىغان. تارىختىكى ھۆكۈمرانلار كۇڭزى ئەقىدىسىنى ئۆزلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى يېپىش ئۈچۈن قوللانغان، پۇقرالار كۇڭزى ئەقىدىسى بويىچە ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنى تەڭرىنىڭ ئەركىسى ۋە ھىممىتى دەپ چۈشىنىپ كەلگەن. ئۇلار كۈرەش قىلىپ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا خان - پادىشاھلارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن. جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «سۇ بويىدا» دېگەن ئەسەردىكى سۇڭ جياڭ تىپىك بىر كۇڭزىچى بولۇپ، 108 نەپەر ئىسيانچىغا ئەمىر بولۇشتىكى ئاخىرقى مەقسىتى سوڭ سۇلالىسىنىڭ زالىم ۋە چىرىك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ رەھىمدىللىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بولغان.

جۇڭگو تارىخىدىكى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا (ئىككى مىڭ يىلدا) تۈزۈك بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھات بولماي، «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش»، «بۆلۈنۈش ۋە بىرلىككە كېلىش»، «گۈللىنىشنىڭ ئورنىغا مالىمانچىلىقنى تۈزەشنى قويۇش» كەبى تەكرار ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى دەل خان - پادىشاھلارنىڭ چەكسىز ئۆز بېشىمچىلىقىدىن كەلگەن. بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىقنى چەكلەيدىغان ئامال - چارىلەر تېپىلماي كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئولتۇرساـ قوپسا ئەمەلدار بولۇپ چۈشەيدىغان بولغان. ھوقۇق ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ، قالايمىقان ئىشلىتىلگەن. چوڭ - كىچىك ھوقۇقلاردىن تۈزۈلگەن ھوقۇق پىرامىداسىنىڭ ئۈچىدا پادىشاھ تۇرىدۇ، پىرامىدانىڭ ھەربىر قەۋىتىدىكى ئەمەلدار تۆۋىنىدىكى قاتلامغا نىسبەتەن بىر پادىشاھ. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش قورالىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھوقۇق مېخانىزمى ھوقۇقنىڭ مەنپىي فۇنكسىيەسىنى قەدەممۇ قەدەم ئاشۇرۇپ بارغان — ھەممە ھوقۇقنى مەركەز قىلغان، ھەممە ھوقۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جۇڭگو غايەت زور ھوقۇق مەيدانى بولۇپ، بازار ۋە ئەقىدىلەر ئېغىر دەرىجىدە ھوقۇقلاشتۇرۇلغان. بۇنداق ئىنچىكە تارىخ جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوقۇقنى چوڭ بىلىش خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن.

دېمەك، جۇڭگولۇقلارنىڭ تەقدىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. نەتىجىدە، جۇڭگولۇقلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدە ھوقۇققا ئائىت ئۆزگىچە ئامىللار شەكىللەنگەن؛

مۇسبەت (پىلۇس) ئامىللار:

(1) ھوقۇق ئەسەبىيلىكى — پىرىنسىپ سۈرۈشتۈرمەي، ئىپادە سۈرۈشتۈرۈش. ھوقۇقى بارنىڭ گېپى يوللۇق بولۇش.

(2) سۆز بىلەن ھەرىكەتنى ئايرىم بولۇش — دېگىننى قىلماسلىق، قىلغىننى دېمەسلىك. لى مىڭ ئەپەندى كۆڭۈزىچىلارنىڭ كىلاسسىك دەستۇرى ھۆكۈمرانلارنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ قورالى بولۇپ كەلگەن، دەيدۇ.

(3) ئەدەبىنى بوغۇش، ھەسەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش — بۇ جەھەتتە سىچۇەنلىك ئۆلىما لى زوڭۇۋ (李宗吾1880——1943) نىڭ مەملىكەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، توختىماي نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «بەتنىيەتلىك تەلىماتى» (厚黑学) دېگەن ئەسىرىدىكى ئايرىم قۇرلارغا قاراپ باقساقلا كۇپايە.

«ئەزىمەتلەرگە ئايلىنىپ، نام چىقىرىشنىڭ يولى بەتنىيەتلىكتۇر» دەيدۇ لى زوڭۇۋ ئۆلىما. ئۇنىڭ قارىشىچە، ساۋساۋ ئۆتۈپ كەتكەن قارانىيەت ئىدى، ئۇ مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئىككىلەنمەي ئادەم ئۆلتۈرگەن. «جاھاندىكى ئادەملەرگە مەن ۋاپاسىزلىق قىلسام بولىۋېرىدۇ، لېكىن، ئادەملەرنىڭ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.» — مانا بۇ ساۋساۋ ۋە ساۋ ساۋچىلارنىڭ مەشھۇر گېپى. لىيۇ بېي (刘备) قېلىنلىقتا داڭ چىقارغان ئىكەن. ئۇ ھېلى ساۋ ساۋغا، ھېلى لۈ بۇ (吕布) غا، ھېلى لىيۇ بياۋ (刘表) غا، ھېلى سۇن چۈەن (孙权) گە يۆلىنىپ ياشىغان، ھەر تەرەپكە قاتراپ، باشقىلارنىڭ خانىسىدا پاناھلانغان، بۇنىڭدىن قىلچىمۇ خىجىل بولمىغان. لىيۇبېي يىغلاشقا ئۇستا بولۇپ، تەس ئىشلارنى يىغلاپ ھەل قىلغان، شۇڭا، كىشىلەر «لىيۇ بېي يىغلاپ تۇرۇپ شەھەر ئالىدۇ» دېيىشكەن. سۇن چۈەن (孙权) قارا نىيەتلىكتە ساۋساۋغا، قېلىنلىقتا لىيۇ بېيغا يەتمىسىمۇ، ھەر ئىككىسىدە بار بولغاچقا، قەھرىمان بولۇپ تونۇلغان. جۇگې لياڭ تالانتلىق بولسىمۇ قارا نىيەتلىكتە سى مايىغا يېتەلمىگەچكە، سىمايىنىڭ زېمىننى ئالالماي ئۆلۈپ كەتكەن.

مەنپىي (مىنۇس) ئامىللار:

(1) ئىتائەتمەنلىك ۋە قۇللۇق

(2) ئاسان ئىشىنىش ۋە خۇراپىيلىق

(3) بىكىنمىچىلىك، پاسسىپلىق ۋە قەدىمچىلىك

شۇنى ئەسكەرتمەي بولمايدۇكى، ھوقۇقپەرەسلىك پەقەت جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تالىق بولغان خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى، ئۇ ھەر قانداق مىللەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە چىڭگىزخاننى، تۆمۈرلەڭنى، ئىستالىننى، چىيوسېسكونى، پىنوچېتنى، كىم جوڭئىلنى ... ئويلىساقلا كۇپايە.

— ئىنگلىزلار، — دەيدۇ لى مىڭ ئەپەندى، . مىلادىيە 17 - ئەسىردىن كېيىن ئىزچىل تۈردە بازارنى ئۆز ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ نېگىزىگە ئايلاندۇرغان، بۇنىڭدا ھەممە كىشى ئىقتىسادىي نەپكە يۈزلەنگەن بولىدۇ، ھوقۇق ساھەسىدىكى كىشىلەرمۇ ئىقتىسادىي ئادەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ئاز سانلىق سىياسىي گۇرۇھلار ئاساسىي قانۇننىڭ، پۈتۈن خەلق قاتناشقان سايلامدىكى ئاۋاز سانىنىڭ، ئاممىۋى مېدىيە (گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزىيە، توربەتلىرى...) نىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. جۇڭگودىكى قانۇنلار خان - پادىشاھلارنىڭ خەلقنى ئىدارە قىلىش ئىرادىسىنى چىقىش قىلىپ تۈزۈلگەچكە، ئىدارە قىلىنغۇچىلارنىڭ ئادەمىيلىك لاياقىتى ۋە ئېھتىياجىنى قىلچە ئويلاشمىغان. غەربنىڭ قانۇنلىرى دىنىي ئەھكاملاردىن تۆرەلگەن بولغاچقا قانۇن پەرۋەردىگار ئالدىدا پادىشاھ بىلەن پۇقرا باراۋەر بولۇش نۇقتىئىنەزىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئىنگلىزلار مۇتلەق ھۆكۈمرانلىققا مۇتلەق بويسۇنۇپ ئۆتۈشتەك تەقدىردىن ساقىت بولالىغان.

خىرىستىيان دىنى ئەنگلىيەگە مىلادىيە 6 - ئەسىردە كىرگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە ئانگلو - ساكسونلارنىڭ كىچىك خاندانلىقلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا كىرىش ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان، دىنىي ھوقۇق بىلەن پادىشاھلىق ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىشى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز ئورنىنى ھىمايە قىلىشىغا پايدىلىق بولغان. مىلادىيە 11 - ئەسىردە نورماندىيلار ئەنگلىيەنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، ۋىللىيام 1پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ئەڭ چوڭ زېمىندار بولۇش بىلەن بىرگە فىرانسىيەلىك

تۇغقانلىرىغا يەر تەقسىملەپ، فېئوداللار تەبىقە تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. 13 ـ ئەسىردە پادىشاھ جون (1216 ـ King John1167) ئاقسۆڭەكلەر ۋە رىتسارلاردىن تەركىب تاپقان «چوڭ كېڭەش»نىڭ 1215 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈزگەن بۈيۈك قانۇنغا ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىنىپ، ئىقتىسادىي (بازار) ھوقۇق بىلەن سىياسىي ھوقۇقنىڭ تىركىشىشىدەك بىر سەھىپە باشلانغان بولدى. بۇ بۈيۈك قانۇن غەرب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «ئەنگلىيە ئەركىنلىكىنىڭ ئۆلتىشى» دېيىلدى. 1343 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى يۇقىرى (دىندارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان)ۋە تۆۋەن (رىتسارلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى ۋەكىللىرى) پالاتالارغا ئايرىلدى ـ دە، پادىشاھنىڭ ھوقۇقى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەكلەندى. خىرىستىيان دىنىدا نامراتلىق بىلەن ھۆرلۈك مەنىداش قارىلىپ، بايلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ پىروتېستانت (新教) دىنى بىلەن كاپىتالىزم روھىنى باغلاپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققىتىگە ئالاھىدە سازاۋەر .

بازار كاپىتالىزمىنىڭ پايدا سۈيىسى، ئۇنىڭ مەنتىقىسى رىقابەت ۋە ھەمكارلىق. ئاچ كۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىك بازارنىڭ يامان سۈپەتلىك خاراكتېرى.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس داۋىد رىسمان (David Riesman,1909—2002 ) ئۆزىنىڭ «يېگانە توپ» (The Lonely Crowd) دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە تىپىك بازار خەلقى بولمىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزگەن. ئۇ غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولى بويىچە ئۈچ خىل ئىجتىمائىي خاراكتېرنى يەكۈنلەپ چىققان: (1) ئەنئەنىگە مايىللىق تىپى (tradition ـ directed) — بۇ تىپتىكى ئىنسانلار توپى ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن بويىچە پائالىيەت قىلىدۇ، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ھەرىكىتى «نوموس»نى يادرو قىلىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە شان ـ شەرىپىدىن پەخىرلىنىش، سەنئەتنى بىردىنبىر بايلىق ھېسابلاش، قائىدە قوغلىشىش قاتارلىقلار بۇ خىل توپتىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق قىممەت كۆرۈنۈشى بولۇپ قالىدۇ.

(2) ئىچ مايىللىق تىپى (Inner ـ directed): بۇنىڭدا كىشىلەر غايە، ئېتىقاد ئۈچۈن ياشايدۇ ۋە ئېتىقاد ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. غۇرۇر، ۋىجدان، مەسلەك دېگەنلەر بۇ خىل ئادەملەرنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى بولغان بولىدۇ.

(3) يات مايىللىق تىپى (Outer ـ directed) ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، ماددىي ئېھتىياجلارنى قامداش، پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا مۇناسىۋەت قىلىش، نىشانىغا يېتىشتە شەخسىي قىممەت قارىشىدىن شەرتلىك چەتنەش قاتارلىق خاراكتېرلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇلار دىن، ئائىلە، نەسەب، شەجەرە قاتارلىقلار بويىچە ئۆزىنى باشقىلاردىن تارتىپ يۈرمەستىن، باشقىلار بىلەن كېڭىشىش ۋە سىغىشىش ئاساسىدا كۆپرەك ماتېرىيال بايلىققا ئېرىشىشنى خالايدۇ. باشقىلارنى باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا ھەمكارلاشتۇرىدۇ.

داۋىد رىسمان ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۈچىنچى خىل تىپقا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىلىقلاردا ئەنئەنە ۋە يارقىن دىنىي مايىللىق كەم، ئۇرۇق ـ تۇغقان سۈرۈشتۈرۈشنى چوڭ بىلمەيدۇ، ئۇلار پىراگماتىست (پايدىچى) بولۇپ، پۇرسەت باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، دالى كارنىگ، ناپولېئون خىل، ئوگ ماندىنو قاتارلىق ئۇتۇقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز كۆرۈشتى. بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى مۇرەسسە ـ مادارا چىلىق ئىدىيەلىرى ئۇيغۇر ياشلىرىغىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقتى. مەسىلەن، مەيدان، ئەقىدە سۈرۈشتۈرمەي پايدا ئىزدەش خېلى كۆپ ياشلارنىڭ قىممەت قارىشى بولۇپ قالدى، ۋاھالەنكى، ئۇلار ئەنئەنە مايىللىق تىپىدىكى زور كۆپ ساندىكى خەلق بىلەن قانداق ئىچكى مۇناسىۋەت قۇرۇشنى ئەمەلىي ھەل قىلىپ بولالمىدى.

بازار ئىنساندا ئۆزىگە لايىق خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، پۇلنى چوڭ بىلىش. بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ھوقۇقنى چوڭ بىلىش خاراكتېرى بىلەن بىر سېلىشتۇرمىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ھال رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئېسىمگە سالىدۇ:

— ھەممە نەرسە مېنىڭكىدۇر، — دېدى زەر،
— ھەممە نەرسە مېنىڭكى، — دېدى خەنجەر،
زەر دېدىكى، . بارىن سېتىپ ئالىمەن،
خەنجەر دېدى: . بارىن تارتىپ ئالىمەن.

مانا بۇ شەرق ھاكىمۇتلەقلىقى بىلەن غەرب پۇلمۇتلەقلىقىنىڭ دىيالوگى. تارىختا بۇ ئىككى خىل مۇتلەقلىق بىر يەرگە كەلگەن ئىشلار تولا، نۆۋەتتىكى

تارىخمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بازار يەنە پايدىنى چوڭ بىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھوقۇقنىڭ مەككارلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. بازاردا ساختىلىق ئاقمايدۇ، ۋاھالەنكى ساختىلىق ھوقۇقنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ قالىدۇ. قورقۇتۇش، ئالداش، يالغان سۆزلەش ھوقۇق سەھنىسىدە بولۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا، ھوقۇقسىز خەلق دىكتاتورلارنىڭ سەپسەتىسىنى ھەقىقەت دەپ ماختاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

بازار يەنە ئەركىنلىكنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەردە كەسىپ تاللاش، ئىگىلىك تىكلەش جەھەتتىكى ئەركىنلىك كاپالىتى بولمىسا ھەقىقىي مەنىدىكى بازارمۇ بولمايدۇ. پۇرسەت ئالدىدىكى باراۋەرلىك، خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ قوغدىلىشى، ئىقتىسادىي ھوقۇقتا ھامىي سىياسىي ھوقۇق قاتارلىقلار بازارنى قىلىپ تۇرىدۇ. غەربتە سايلام ھوقۇقى، گەپ ـ سۆز ھوقۇقى، ئاخبارات ۋە نەشرىيات ھوقۇقى، تاناسىپ ھالدىكى قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى، مەمۇرىي ھوقۇق ۋە ئەدلىيە ھوقۇقى قاتارلىقلار ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئاساسلىق ئېلېمېنتى بولۇپ كەلدى.

ھايات ماڭا ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
لېكىن، كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،
ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈنلا پەقەت.

ۋېنگرىيە شائىرى پېتوفىنىڭ بۇ شېئىرى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۇڭگو ياشلىرى ئۈچۈنمۇ قىزغىن، ھاياجانلىق خىتاب بولغان ئىدى.

راھەتپەرەسلىك، ئىلىم ـ پەن ۋە مەن ـ مەركەزچىلىك قاتارلىقلارمۇ بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئامىللارغا ئايلانغان.

باشقىلارنىڭ نوپۇزىغا تايانماي، ئۆزۈڭنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭغا ئىشەن ـــ مانا بۇ غەربلىكلەرنىڭ ئورتاق خىتابى.

لى مىڭ ئەپەندى ئەقىدە ـــ ئېتىقاد خاھىشى (مەيدانى) (情场) خۇسۇسىدا سۆزلىگەندە، تىپىكلەشتۈرۈپ يەھۇدىي مىللىتىنى مىسالغا ئالىدۇ. ئۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى سۈپىتىدە دىنىي ئەقىدە، ئەقلىي تەپەككۇر (لوگىكا، قانۇن، پىلان، تەرتىپ)، ئىلمىي تەجرىبە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇلارغا مۇتاناسىپ ھالدا جۇڭگولۇقلاردا سىستېمىلىق دىنىي ئېتىقاد يوق، پەقەت ئەجدادلارغا سېغىنىش ۋە ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر قىلىشلا بار، دەيدۇ.

لى مىڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، دىن يەھۇدىيلارنىڭ سىمۋولى، دۇنيادىكى يەھۇدىيلاردا ئورتاق قان، ئورتاق تىل، ئورتاق يېزىق يوق بولۇپ، پەقەت ئىسرائىلىيە يەھۇدىيلىرىلا ئۆلگەن يېزىقنى تىرىلدۈرۈپ ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىيلارنىڭ كىملىكىنى سۇغىرىپ كەلگەن نەرسە ئورتاق دىن. بۇ ھەقتە ئىنگلىز شائىرى بايرون يەھۇدىيلارنى «پۈتۈن تارىخىي تەقدىرىنى بىر پارچە كىتاب («تەۋرات») بىلەن بىر ئۆي (ئىبادەتخانا)گە مەركەزلەشتۈرگەن مىللەت» ـــ دەپ سۈپەتلىگەن ئىكەن.

لى مىڭ ئەپەندىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، ئەگەر مۇقەددەس كىتابى بىلەن ئىبادەتخانىسى بولمىغان بولسا، يەھۇدىيلار ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئىككى مىڭ يىللىق سەرسانلىق يەھۇدىيلارنى تۈرلۈك ئىرقلارغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، لېكىن، ئۇلار يەھۇدىي ئېڭى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. جۇڭگولۇقلار بولسا ئىنچىل مەدەنىيەت كېڭىيىشىدە، ئۆزلىرىنى ئىدارە قىلغان باشقا مىللەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئۆز تۈركۈمىگە ئايلاندۇردى.

ئەقىدە خاھىشىدا، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش گەۋدىلىنىدۇ. «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» دىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىدە، ھەر قانداق بەدەلنىڭ كېتىشىگە قارىماي سۆيگۈ ۋە پاكلىنىش روھى ئىپادىلەنگەن.

لى مىڭ ئەپەندى يۇقىرىقى ئۈچ مىللەتنى سېلىشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق پەرقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگولۇقلارنىڭ سىمۋولى خەنزۇ يېزىقى ئىكەن، يەھۇدىيلارنىڭ سىمۋولى «تەۋرات» ئىكەن، ئىنگلىزلارنىڭ سىمۋولى تىل (ئىنگلىز تىلى) ئىكەن.

بۇ يەردە بىرئاز مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش بار. چۈنكى، تىل ـ يېزىق ۋە دىن كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماي، بەلكى جان تومۇرى بولۇپ قالىدۇ. بىر قىسىم ئالاھىدە مەزگىللەردە، بەزى مىللەتلەر دەل ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە تىل ـ يېزىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەرقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، جۇڭگولۇقلارنى ھوقۇق مىللىتى، ئىنگلىزلارنى بازار مىللىتى، يەھۇدىيلارنى

ئېتقاد (ئەقىدە) مىللىتى دەپ مۇتلەق كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھوقۇق، ئىقتىساد ۋە ئېتقاد بارلىق ئىنسانلار تۈركۈمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇقەررەر ئىنتىلىدىغان ۋە مۇقەررەر ئىپادىلىنىدىغان كاتېگورىيە دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزىنى قوغداش (سىياسىي)، ئۆزىنى قامداش (ئىقتىساد)، ئۆزىنى بېغىشلاش(دىن) ئىنساندىكى ئېھتىياجلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنى قانداقتۇر مەلۇم بىر مىللەتكە تالىق قىلىپ قويۇش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ۋاقتى كەلگەندە، ھەر قانداق مىللەت بازار مىللىتىدۇر، ھەر قانداق مىللەت ھوقۇق مىللىتىدۇر، ھەر قانداق مىللەت ئېتقاد مىللىتىدۇر. مەسىلە پەقەت، سىياسىي ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ شۇ خىل ئىقتىدارنى قوزغىتىشىدا. لى مىڭ ئەپەندىنى بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتا روياپقا چىققان مىللىي تەقدىر، مىللىي خاسلىق، مىللىي خاراكتېرىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى يەكۈنلەپ كۆرسەتتى، دەپ چۈشەنسەك مۇۋاپىق بولىدۇ. بىر مىللەت مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچتا، بەلگىلىك مىللىي خاراكتېرىنى گەۋدىلىك نامايان قىلىش بىلەن بىرگە باشقا يوشۇرۇن خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ساقلايدۇ. ئاشۇ يوشۇرۇن تەرەپلەر گەۋدىلىك تەرەپلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئۇيغۇرلارنى «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ سۆپەتلەشكە ئادەتلىنىپ كېتىشكەن، ئەمەلىيەتتە، بۇنى ھازىرقى تارىخنىڭ خاھىشى تەرىپىدىن يۈكلەنگەن سۈپەت دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇ مىللەت «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دېيىلسىمۇ، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىرى ئاساسەن مىللىي سەھنە، رېستوران ۋە بەزمىخانىلاردىن ھالقىمىدى. بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز بىر يېرىم سائەتكە يەتمىگەن بىر قېتىملىق كونسېرتتا، ئۆزبېك، تۈرك، ھىندى، ئەرەب، ياپون، رۇس، ئىنگلىز قاتارلىق نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنلىماي قالمايدۇ. دېمەك بىز ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىمپورت قىلىۋاتىمىز، بۇ بىزنى ھەقىقىي «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» ئىكەنلىكىمىزدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئىقتىسادىي مىللەت ۋە ئىلىم ـ پەن مىللىتى بولۇش يوشۇرۇن ئىقتىدارى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ ۋە ئىسپاتلىيالايدۇ؟!

1995 ـ يىلى پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «يېڭىك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق مۇھاكىمىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھالىتىگە بىر دىياگنوز قويۇپ چىققان ئىدى، ئۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرىمىزدىكى ئاجىزلىقتىن نالاپ: ‹بىز ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى›، ‹شېئىر مىللىتى› بولۇپ قېلىۋەردۇق، بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فىزىكلىرىمىز بولمىدى» دېگەن ئىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ئۇلارنىڭ كامالىتى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىغا قاراپ ئۈچ خىلغا ئايرىغان ئىدى:

1. ئېتنولوگىيەلىك مىللەت ــ مىللەت بولۇش شەرتىنى ئومۇمەن ھازىرلىغان تۈركۈم. بۇلاردا مىللىي تىل ـ يېزىق، خاس تارىخ، مائارىپ، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەبىيات، دىن، تېررىتورىيە بولغان بولىدۇ. بۇنداق خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى، مەدەنىيەت يىلتىزى ۋە گېنلىرىغا ھېسسىي رىشتە باغلىغان بولىدۇ. مىللەتنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئار ـ نومۇسىغا چېتىلىدىغان نەرسىلەرگە كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلىسىمۇ، ئاقىلانە تەھلىل ۋە مۇھاكىمىگە كەلگەندە ئاجىز بولىدۇ.

2. ئىجتىمائىي مىللەت ــ ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىللىيلىكىنى ئۆزئارا كۈچلۈك ئورتاقلىق، ھەمدەملىك، ئىزچىللىقىقا، باشقىلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك رىقابەتچانلىقىقا ئايلاندۇرۇغان تۈركۈم. بۇنداق تۈركۈمنىڭ ئەزالىرى شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئاڭلىق باغلاپ ، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئومۇم ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىدۇ، روشەن قېرىنداشلىق رىشتىنى تامامەن قىلالايدۇ.

3. سىياسىي مىللەت ــ يۇقىرى مىللىي مەدەنىيەت، يۇقىرى مىللىي ئاڭ، يۇقىرى ئۇيۇشۇشچانلىق، يۇقىرى ئىجادچانلىق بىلەن ئۆز تۈركۈمىنى ئەۋزەللىككە ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ياشاش ئۇسلۇبى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ جەھەتتە باشقا تۈركۈملەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تۈركۈم.

تۇزۇك بايلىقى يوق كىچىككىنە ئارال دۆلىتى ياپونىيەنى دۇنيانىڭ نەزىرىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە نېمە؟ ئىككى مىڭ يىللىق سەرسانلىقتىكى يەھۇدىيلارنى ساقلاپ، مىللىي دۆلەتكە ئېرىشتۈرگەن نەرسە نېمە؟ پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ياپونلار بىلەن يەھۇدىيلارنى تىپىك سىياسىي مىللەت سۈپىتىدە مىسالغا ئالىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ قايسى خىلغا تەۋە بولۇشى ئۆزگەرمەس قانۇن ئەمەس، بىر ئېتنولوگىيەلىك مىللەت سىياسىي

مىللەتكە ئايلىنالىشى مۇمكىن، بىر سىياسىي مىللەت ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىك ئورنىدىن چېكىنىپ كېتىشمۇ مۇمكىن، تارىخ سەھنىسىدىكى باش قەھرىمانلار ئەزەلدىن بىرى ئالمىشىپ تۇرغان.

مەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا مەدەنىيەتشۇناس گەن ياڭ (甘阳) ئەپەندىنىڭ «سىياسىي مىللەت بولۇشقا يۈزلىنىش» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان ئىدىم. قارىسام، جەمئىيەتتە بۇ ماقالە ھەققىدە تۈزۈك ئىنكاس بولمىدى، شۇنىڭغا قاراپ، كىشىلەرنى ئەقلىي سەگەكلەردىن ھېسابلاشقا ئەقلىم بارمىدى.

ماقالىدا ئاپتور ئۆزۈن مۇددەت قالاق، ئاجىز ھالەتتە ياشىغان مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە باش كۆتۈرۈشىدىن كېيىنكى يامان ئاقىۋەتتىن ئەندىشە قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا، جەمئىيەت تەبىقىلىشىپ، كۆپ قۇتۇپلىشىپ، ھەرتەرەپكە چېچىلىش خەۋپى بار ئىدى.

گەن ياڭ سىياسىي مىللەت دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ قۇتۇپلۇق ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى مىللەت بىر پۈتۈنلۈكنىڭ سىياسىي ئىرادىسى ۋە سىياسىي ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئاستىغا ئەكېلەلەيدىغان مىللەتنى سىياسىي مىللەت دەيمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېر (Max Weber,1864--1920) نىڭ قاراشلىرى بويىچە، ئەزالىرى ئورتاق مەنپەئەتكە قىزىقمايدىغان، ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن ئارىلاشمايدىغان ياكى ئارىلىشىشنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان مىللەتلەرنى قالاق مىللەت دەپ چۈشەندۈرگەن، ئىلغار مىللەتنىڭ ئەزالىرى «سىياسىي ئارىلىششلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مىللىي مەنپەئەتىگە نىسبەتەن يۈكسەك سىياسىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ.»

بىز مىللەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بويىچە تۆرگە ئايرىشنىڭ بىر قانچە ئۆلچىمىنى كۆردۇق. بۇلارغا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھالىتىنى تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ئۇيغۇرلار ئېتىقاد مىللىتى، لېكىن، ئاساسىي گەۋدىسىدىن ئېيتقاندا، ئاڭلىق ئېتىقادچىلاردىن ئەمەس، ئۇيغۇرلار ئەنئەنىگە مايىل توپ، لېكىن، ئەنئەنىسىنى تۈزۈك قېزىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئۇيغۇرلار ئېتنولوگىيەلىك مىللەت، لېكىن، ئۆز ئېتنولوگىيەسىنىڭ پەلسەپىۋى تەسىرىنى تۈزۈپ بولالمىغان

مىللەت. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاڭلىق ياردەمدە بولغاندىن كۆرە بىر ـ بىرىگە ئىستىخىيەلىك تايىنىپ ياشايدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىي تۈركۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى پەقەت مۇقام ـ مەشرەپ، تىل ـ ئەدەبىيات، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، ھېيت ـ ئايەمنى ۋاستە قىلغان ئاددىي ـ تەبىئىي ئېتنولوگىيەلىك ئالامەتلەردىلا قالدى» دەيدۇ. ئۇ، بۈگەپنى ئېيتقاندىن دەل ئون بەش يىل ئۆتكەن مۇشۇ كۈنلەردە بولسا نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن!؟ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ بىر قەدەر مەدەنىيەتلىكرەك قىسمى بولغان ئۈرۈمچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تويلىرىدىكى ئېتىقسىز داغدۇغا ۋە ھەشەمەتلەر كىشىنى كەلگۈسى ھەققىدىكى قايغۇلۇق ئويلارغا سالماي قالمايدۇ. تويلار مىللىي خاراكتېرنىڭ سۇزۇك، يارقىن كىرىستالىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنى تەربىيەلىشى كېرەك ئىدى. تويدىكى داڭۋازلىق ۋە ئىسراپچىلىق دەرىجىسى ھەممە ئادەمنى سەسكەندۈرسىمۇ، لېكىن، ھېچكىم بۇ خىل قاباھەتنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىدى، بۇ جەھەتتە، ئۆزىنى زىيالىي دەيدىغانلارمۇ ئوخشاش رول ئالدى. ياتلارنىڭ شەھىرىدە ئۇتۇق قازىنىپ كەلگەن بىر بوكسچى (مۇشتچى) بىرىنىڭ تويىغا بارالمىغان بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايدىغان، كېچىلەپ تەجرىبە ئىشلەپ ئەلگە پايدىسى بار بەلگىلىك نەتىجە قازانغان ئالىمنى سورۇندا ئولتۇرۇشۇپ بەرگەن ئۆلپەتكە تەڭ قىلمايدىغان قىممەت قاراشلار بىزگە ئومۇمىيۈزلۈك يامراپ كەتكەن. ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پايدىسى، ھەۋىسى، خۇمارى، ئويۇنى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان ھەر قانداق نەتىجىلەرگە ئېرەن قىلمايدىغان ئادەملەر ئاز ـ تولا ئومۇمىي مەنپەئەتكە كۆڭۈل بولىدىغان ئادەملەردىن سان جەھەتتىن مۇتلەق كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئۇلار كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ كېتىشكىلىك، ئۇلار ھەمىشە يوللۇق ۋە ھەقلىق بولۇپ كېلىشكىلىك. ۋاھالەنكى، تارىخ بۇنداق قوۋۇمغا ھەرگىز كۈلۈپ باقمايدۇ، بەلكى، بۇنداق قارا غاپىللارنى باشقىلارنىڭ ئايىغىغا پاياندار قىلىپ بېرىدۇ.

مىللەت بىر ئىجتىمائىي ئۇقۇم بولۇپ، مەلۇم ئىجتىمائىي بەلگىنى ئاساس قىلىپ ئايرىشنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانشۇناسلار، مىللەتشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مېتودى بويىچە ئىنسانلارنى

تۈركۈملەرگە ئايرىيدۇ، بۇنداق ئايرىشلار ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ئېھتىياجلارنىڭ كۈشكۈرتۈشىدىن خالىي بولالمايدۇ. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلاپقى يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ بىر نەچچە مىللەت تۈركۈملىرىگە ئايرىلىشى تامامەن دېگۈدەك بۆلۈپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولغان ئىدى. «كۆپ ھاللاردا، دۆلەت (ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى) ئۆزىنى ئۆزى ئىچىگە ئالغان مىللەتنى ياساپ چىقىدۇ». (Michael G. Roskin,etc. Political Science) ئەسلىدە تەبىئەت ياراتقان پەرق بىلەن ئوخشاشلىق بار، كۈچلۈكلەر زورلۇق تېپىلسا، ئازراق پەرقتىن چوڭ ئىجتىمائىي پەرقنى ياسايدۇ، بۇ پارچىلاش دېيىلىدۇ. كۈچلۈكلەر يەنە زورلۇق تېپىلسا، ئازراق ئوخشاشلىقتىن چوڭ سىياسىي بىرلىكنى قۇرۇپ چىقىدۇ، بۇ سۈمۈرۈش دېيىلىدۇ. دېمەك، بۆلۈش بىلەن قوشۇش سىياسىي ھەزىمنىڭ قانۇنى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، «مىللەت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ گەۋدىسىدە ئۆز (self) بىلەن ئۆزگىلىك (Otherness) بار بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىرقىي پەرقلەندۈرۈش مەۋجۇت بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە باھا بەرگەندە ئاسانلا بىر تەرەپلىمە قاراش پەيدا بولىدۇ. بىر تەرەپلىمە قاراش (prejudice,偏见) ھەققىدە جەمئىيەتشۇناس Jon J. Macionisتەبىر بېرىپ «مەلۇم بىر تۈركۈمگە بېرىلگەن قاتمال، ئادىل بولمىغان باھا ۋە ھۆكۈمدۇر» دېگەن ئىدى. بۇنداق باھالار ھېچقانداق ئاساس بولماي تۇرۇپمۇ پۈتۈن كىشىلەرگە ئومۇملاشقان بولىدۇ. مەسىلەن «ئۇلار ئەزەلدىن تىرىشمايدىغان ئەخلەت بىرنېمىلەر، مەكتەپتە ئوقۇتسىمۇ بەربىر» دېگەندەك.

دېمەك، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى، تەرەققىيات ھالىتى ھەققىدە چىقىرىلغان يەكۈنلەردە ھامان يەكۈن چىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس غەرەزى بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ مۇتلەق ھەقىقەتكە باراۋەر ئەمەس. بىر ئىنسانلار تۈركۈمى كەلتۈرۈپ بەرگەن رېئاللىقنى يەنە بىر ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئۆزگەرتەلىشىنى جەمئىيەتلەر تارىخى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى، شەرتلىك ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

سىياسىي ۋە ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ قاراشلىرى تارىخنىڭ بىر مەزگىللىك مودىسى بولالايدۇ، لېكىن، مۇتلەق ھەقىقەت بولالىشى ناتايىن.

جاھان مۇنبىرىدە ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە ھاكىم خەلقلەرنى كۆرگەندە، كىشىدە تەبىئىي ھالدا مىللەت ھەققىدە سوئال تۇغۇلىدۇ. يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ مىللىيىتىدىن ئالغان تەسىراتلىرىمنىڭ خۇرۇچىدىن شەكىللەنگەن ئازراق بىلىملىرىمدۇر. خالاس.

-

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جايناملىرى ئاخىرىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زورلۇق تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

7. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲پىل ھېچقاچان چۈمۈلىنى رەقىبىم دېمەيدۇ. ئۆزۈڭدىن بەك ئاجىزلارنى دۈشمەن ساناش، سېنى باشقىلار ئالدىدا كۈلكىگە قالدۇرىدۇ.

▲بىلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ باققاسىمۇ، بىلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ باقما.

▲يامان گەپنىمۇ قىلمايدىغان، ياخشى ئىشنىمۇ قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ دىلى ئىپلاسلىقتا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ.

▲كۈلكە ئۆمۈرنى، تەپەككۇر ئەقىلنى ئۇزارتىدۇ.

▲ئەقىللىق ئادەملەر مەسىلىدىن (مەيلى ئۇ ئۆزىگە پايدىلىق ياكى پايدىسىز بولسۇن) قانداق قىلىپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ توغرا ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ.

▲بىرەر ئىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ قىلغان ئادەم، داۋراڭدىن يىراق بولىدۇ.

▲يالغاندىن كەچۈرۈم سورىغان ئادەم سېنى ئېزىقتۇرىۋاتقان ئادەمدۇر.

▲نادانلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرسەڭ، ئۇلار سېنى ئۆز ھالىڭغا قويۇپ بەرمەيدۇ.

▲خۇشامەت ئېنىق مەنىۋى قاپقان؛ ئاداۋەت يوشۇرۇن مەنىۋى قاپقان.

▲تاللاپ يېمىسەڭ ئاشقازىنىڭ، تاللاپ ئۆگەنمىسەڭ ئەقلىڭ تېز كاردىن چىقىدۇ.

▲تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ كۆزى ياشتىن قۇرۇمايدۇ.

▲سېنى داملىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا سېنى پايلىغان ئادەمدۇر.

▲ئۆزۈڭنى دۈشمىنىڭگە ھەرگىز قورقۇنچاق قىلىپ كۆرسەتمە.

▲سەن بىلەن غايە ـ ئېتىقاد ۋە باشقا جەھەتلەردە پەرقلىق ئادەملەر بىلەن بىر يولدا ماڭساڭمۇ، ئەمما مەنزىلىڭنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى ھەرۋاقىت ئېسىڭدە بولسۇن.

▲باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ماختاپ ئولتۇرغىنىڭدىن، ئاشۇ ئىشلار ئۈستىدە ئازراق پىكىر يۈرگۈزگىنىڭ كۆپ ياخشىدۇر.

▲دانالار كۆپ ھاللاردا باشقىلار بىلەن ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئۈستىدە كۆپرەك پاراڭلىشىدۇ.

▲مۇناپىق، مۇناپىقلىق قىلىپ تاپقان ـ

### تەپەككۇر كۆزى

تەرگەنلىرىنى يەپ بولغۇچە نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىدۇ.

▲ھېجىيىش كۆپ ھاللاردا خۇشامەتتىن، ۋارقىراش كۆپ ھاللاردا قورقۇشتىن بولىدۇ.

▲ھىيلە ـ مىكىرنى كۆپ قىلغانلار ئۆزىنىڭ زاۋالىنى تېزلىتىۋاتقانلاردۇر.

▲دۇرۇس ياشايمەن دېسەڭ، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرسەڭمۇ، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرمە.

▲باشقىلارغا ئەمەلىي مەنپەئەت بېرەلەيدىغان گەپ، دەل گەپنىڭ مېغىزىدۇر.

▲بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە پەقەت تەسەللىلا بېرەلەيدىغان، ئەمما قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقارمايدىغان دوستلارنى، يېرىم دوستلار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

▲سېنى ئويۇن ـ تاماشىغا قىزىقتۇرۇۋاتقانلار، سەن ھالاكەتكە قاراپ ماڭساڭ، چاۋاك چېلىپ ئۇزىتىپ قويۇۋاتقانلاردۇر.

▲ يارىماسلار ئىش قىلسا دىلى بىلەن ئەمەس، تىلى بىلەن قىلىدۇ.

▲ غادىيىپ ماڭغان ئادەم كۆپ پۇتلىشىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن

## دېھقاننىڭ تەپەككۇرلىرى

▲يېزىقچىلىق دېگەن قىزىقچىلىق ئەمەس، بەلكى ئىدىيە تېرىقچىلىقى.

▲سەككىز ياشلىق بالىنىڭ قىلغىنىنى سەكسەن ياشلىق ئادەم قىلالمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. سەكسەن ياشلىق ئادەمدە سەككىز ياشلىق بالىدەك غەيرەت ـ ئىقتىدار يوق چاغلارمۇ بولىدۇ، بۇ جەھەتتە كاللا ئىشلىمىسە قولغا ئارام يوق.

▲غەپلەتتە ياتتىم غەمدە قالدىم؛ غەيرەت قىلدىم، بەرىكەت تاپتىم.

▲ئاچلار مەنپەئەت تالىشىپ قان تۆكىدۇ، توقلار ھەشەمەتچىلىك قىلىپ نان تۆكىدۇ.

ـ ھىدايەت ئەخمەت جەريانى

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باش خانىقا ئېرىق كەنتىدە دېھقان

## تۇرمۇش تەسراتلىرى

▲بىر تال موما قورسىقى توق، ھېچنېمىدىن غېمى يوقلار ئۈچۈن ھېچنېمە ھېسابلانمايدۇ، ئەمما ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن جان گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

▲ئىلىم ـ پەن ئۆتەڭلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى خىل قورقۇنچلۇق ئىش، بىرى پەقەتلا ئۆگىنىپ ئويلانماسلىق، يەنە بىرى ئويلىنىپلا ئۆگەنمەسلىك.

ـ زورىگۈل ئەرشىدىن

---

ئاپتور: بېيجىڭ شەھىرى چاۋيىڭ رايونلۇق 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2009 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تېرەن جەۋھەرلىرى

▲ كىتاب ئوقۇيالمىساڭمۇ، يىغىپ ساقلاپ قوي، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ بولسىمۇ پايدىلىنىپ قالار.

▲ئۆلۈم ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ، ياخشى نام ۋە شېرىن ئەسلىمە خۇددى كۆرۈنمەس يىپتەك ئىنسانلارنى باغلاپ تۇرىدۇ.

▲ئازابلارنىڭ ئەڭ قاتتىقى ئۈنسىز ئازاپ.

▲شېرىن ـ لەزىز ئەسلىمىلىرى بار ئادەم ھاياتتىكى ھەر خىل ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ باقىدۇ.

▲ئاچچىقنى ياندۇرىدىغان ئۇسۇل ـ بىرەر ئىشقا مەلىكە بولماق.

▲ھەۋەسنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى بىلىمگە ھېرىس بولماق، ئەڭ پەسكىشى بولسا گۇناھقا شېرىك بولماق.

▲كۆز ـ كۆز قىلغاننىڭ ئاقىۋىتى ـ زار ـ زار بولماق.

ـ ئابدۇرەھىمجان مۇھەممەد تېرەن

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە، پۇقرا

## ياشاش تەسراتلىرى

▲ئىشكنى جىنىڭىزنىڭ بارىچە «گۇم» قىلىپ ياپماڭ، چۈنكى، يەنە قايتىپ كېلىشىڭىز مۇمكىن.

▲پۇل تېپىشتىنمۇ مۇھىمراقى ـ ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تېپىشتۇر.

▲تىرىشىپ خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن، قابىلىيىتى بولماسلىق بىر خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋال؛ ئەمما قابىلىيىتى تۇرۇپمۇ تىرىشىپ خىزمەت قىلماسلىق بولسا تىراگېدىيە.

▲كىشىلىك ئالاقە بولسا بىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان سۆزىمىزنىڭ ئاۋاز ـ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپ چۈشەنگەن سۆزنىڭ ئاۋاز ـ كۆپلۈكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲خەتەرلىك پەيتكە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن بىر پىرسەنتچىلىك مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەش سەۋەبلىك،

9999 قېتىملىق پۇرسەت قولدىن كېتىشى مۇمكىن.

▲باشقىلارغا يول قويۇش بىر خىل ئېسىل پەزىلەت، ئۆزىگە يول قويۇش بىر خىل خاتالىق.

▲ۋاقىتنىڭ قەدىمى ئۈچ خىل بولىدۇ، كەلگۈسى ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئىنتايىن ئاستا كېلىدۇ، هازىر خۇددى ئېتىلغان ئوقيادەك ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆتمۈش ئىزىدىن مەڭگۈ مىدىرلىمايدۇ.

▲هېسسىيات بىلەن ياشايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن هاياتلىق بىر تىراگېدىيە، پىكىر بىلەن ياشايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن هاياتلىق بىر كومېدىيە.

ــ ئېلى ئابدۇغوپۇر

ئاپتور: مارالبېشى ناهىيە ئالاغىر ئوتتۇرا مەكتەپتە

## ئەزگۈ هېستىن تامغان تامچىلار

▲هەقىقەتنى يوشۇرۇشقا تىرىشقىنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئوسال قىلىشقا كىرىشكىنىڭدۇر.

▲تولا ئۇخلايدىغان كىشىنىڭ يا تېنى زەئىپ يا روهى زەئىپتۇر.

▲قەدرىڭنى بىلمىگەنگە چاپلىشىۋالغىنىڭ ــ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇل قىلغىنىڭدۇر.

▲ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سۆيەلىگەن بولساڭ، سۆيگۈ ئىزدەپ خار بولمىغان بولاتتىڭ.

▲گېپىڭنى تولا قىلىدىغان كىشى بىر بولسا غېمىڭنى يەۋاتقان، بىر بولسا ئوراڭنى كولاۋاتقان كىشىدۇر.

▲ئوقۇغۇچىلار سورىغان سوئالنىڭ جاۋابىنى دائىم كېيىنكى سائەتكە قالدۇرۇپ قويىدىغان ئوقۇتقۇچى ــ بۈگۈن سورىغان سوئالغا ئەتە جاۋاب بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

ــ ئوبۇل ئوغلى قەلەمىي

ئاپتور: شىنجاڭ ئۆرپ ـ ئادەت سەنئەت مەكتىپىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، جۇغراپىيە مۇئەللىمى

## ئەسىرانىڭ تامچىلار

▲ئۆتمۈش ــ ماشىنىنىڭ كەينى چىرىغى، چۈنكى ئۇ مېڭىپ بولغان يولنىلا يورۇتالايدۇ.

▲چىرايلىق قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى هاكاۋۇر كېلىدۇ، لېكىن ئاشۇ هاكاۋۇرلۇقى بىلىپ ـ بىلمەي ئۇلارنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇ.

▲پسىخولوگىيە دوختۇرىغا كۆرۈنۈشمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز بىلىدىغانلىرىمىزنى دوختۇرنىڭ ئېغىزىدىن «هەق تۆلەپ» ئاڭلاش.

▲جاهاندا قارا قورساق ئادەمنىڭ تەنقىدىدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم، خورلۇق يوق.

ــ بەهرىنىسا ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: يەكەن ناهىيەلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىدىن

## تەپەككۇردىن تەرمىلەر

▲گۇمانى قارىشى بولمىغان ئادەمنىڭ ئىجاتچانلىق روهى بولمايدۇ.

▲خەتنىڭ سەت يېزىلىشى قەلەمنىڭ خاتالىقى ئەمەس.

ــ مۇهەممەتتۇرغۇن ئىسمائىل

شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى 2007 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

* * * *

▲كىتابنى كۆپ ئوقۇغان دانا ئەمەس، ئوقۇغاننى ئىشلەتكەن دانا.

▲ياشلىقتا ئويۇنچى بولساڭ، قېرىغاندا تىلەمچى بولىسەن.

▲ساغلام بولۇشنى خالىمايدىغانلار يوق، بىراق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى خالىمايدىغانلار بار.

▲دۇنيادا تەربىيەلىگىلى بولمايدىغان ئوقۇغۇچى يوق، پەقەت تەربىيەلەشنى بىلمەيدىغان ئوقۇتقۇچى بار.

ــ ئەمەرجان ئىسمايىل

ئاپتور: شىنجاڭ قەشقەر سۇ ئىشلىرى ـ سۇ ئېلېكتىر مەكتىپى 2009 ـ يىللىق يېزا سۇ ئىشلىرى تېخنىكوم 2 ـ سىنىپتىن

* * * *

▲ۋىجدانغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلار، مەڭگۈ ئازابلىنىپ ياشايدۇ، ئازابلىنىپ ئۆلىدۇ.

ــ هاۋاگۈل ئۆمەر

ئاپتور: شىنجاڭ قەشقەر سۇ ئىشلىرى ــ سۇ ئېلېكتىر مەكتىپى 2009 ـ يىللىق تېخنىكوم 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## بىزدىكى بار ـ يوقلار

▲كوت ـ كوتتا(QQ)دا سائەتلەپ سىنىپتا ئەررىنمەيدىغان پاراڭلارنى قىلىشقا ۋاقتىمىز بار، كەسپكە دائىر بىرەر ئۈچۈر ـ بىلىملەرنى ئىزدەشكە ۋاقتىمىز يوق.

▲دىسكو ـ دىبا، قاۋاقلاردا تونەشكە رايىمىز بار، كۇتۇپخانىغا بېرىپ ماتېرىيال ئىزدەشكە رايىمىز يوق.

▲يىرىم-يالىڭاچ، ئاجايىپ-غارايىپ كىيىملەرنى كىيىشكە رايىمىز بار، كىملىك، ئۆزلۈك ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا رايىمىز يوق.

▲كەلگۈسى ھەققىدە ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈشكە ۋاقتىمىز بار، ئەمەلىي ئىجراسىنى قىلىشقا ۋاقتىمىز يوق.

▲قىلماسلىق ئۈچۈن باھانە-سەۋەبلەرنى توقۇپ ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداشقا ۋاقتىمىز بار، قىلىشقا ئورۇنۇپ بېقىشقا ۋاقتىمىز يوق.

▲ئوڭدا يېتىپ بەگىنىڭ خىيالىنى سۈرۈشكە رايىمىز بار، دەس تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشقا رايىمىز يوق.

▲كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ، نەچچە پۈكلىنىپ تۇرۇپ نامراتلىق ئىئانىسىنى ئېلىشقا رايىمىز بار، ھالال ئىشلەپ مەغرۇر ياشاشقا رايىمىز يوق.

— شەمشىنۇر تۇرغۇن

ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە

## تەپەككۇر دېڭىزىدىن قەترىلەر

▲ئايالى ياسانچۇقنىڭ ئېرى قارانچۇق.

▲كىبىر تېرىساڭ مەسخىرە ئۈنەر.

▲مېھماندارچىلىق رېستورانلاشتى، ئادەمگەرچىلىك ناتىۋانلاشتى.

▲قەلبى بىلەن ماختانغىنى ئايال، چىھرى بىلەن ماختانغىنى پاخالدۇر.

— ئابلەت مۇھەممەت سادائىي

ئاپتور: بىگتۇەن 14-دىۋىزىيە گۇما دېھقانچىلىق مەيدان ئوتتۇرا مەكتەپتە

* * * *

▲ئاسماننى كۆزىتىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ئۆزۈڭ دەسسەپ تۇرۇپ ياشاۋاتقان زېمىننى كۆزەت.

▲ساغ ئەقىل ۋە پىلان كۆرسەتكەن ئادەملەر ساغ شۇ ۋاقىتتىلا ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئەمما بارلىق دەرد، جاپالارغا يەنىلا ئۆزۈڭ يالغۇز قالىسەن.

▲ئۆزۈڭنى ھالال ياشاۋاتىمەن دېيەلەمسەن؟ دېيەلىسەڭ سەن بەختلىك ئادەمنىڭ دەل ئۆزى شۇ!

▲ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىشتۇر.

— ئامانۇللا ھىزبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چاي تېرەك يېزا توڭتاش كەنت 1-مەھەللىدە

* * * *

▲مەن قورقىدىغان ئىشلار: 1-ئۆز ئېتىقاد-ئەركىمدىن ئايرىلىپ قېلىش. 2-ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانامنىڭ دۇئاسىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش. 3- نام - نىشانى يوق ھالدا ئىزسىز ئۆلۈپ كېتىش. 4- ئامانەتنى ساقلىيالماسلىق.

— مۇھەممەتجان تىلىۋالدى

ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە دېھقان

▲مېنىڭچە ۋاقىت — جاپاكەش، ئىرادىسى كۈچلۈكلەرگە نىسبەتەن «ئۆتمەيدۇ» بەلكى ئۇچىدۇ.

— مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى كافېدراسىدىن

## پاراسەت ئۈنچىلىرى

▲مەيلى قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىمىسۇن، ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بۇرۇنقىدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋېرىدۇ، مەيلى قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىمىسۇن، مەغلۇبىيەتچىلەر ئاخىرى مەغلۇپ بولىدۇ.

— جياۋيۈەن شوتەيلاڭ (ياپونىيە)

▲سەن مۇشتۇمنى چىڭ تۈگۈپ تۇرۇۋالغانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامالسىز قالىسەن.

— ئىندىرا.گەندى

▲چاشقانلار رىقابىتىنىڭ نەتىجىسى شۇكى، يەڭگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر چاشقان.

▲سەن چوشقىغا لەۋسۇرۇخى سۈرۈپ، گۈزەل پەرىزاتتەك ياسىۋەتكىنىڭ بىلەنمۇ چوشقا دېگەن بەربىر يەنىلا چوشقا.

«مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قىزنىڭ پەند-نەسىھەتلىرىدىن ئۈزۈندە» دىن

▲بەخت ئىشىكىنىڭ بىر قانىتى يېپىلغان ۋاقىتتا يەنە بىر قانىتى ئېچىلغان بولىدۇ، ئەمما ھەمىشە يېپىلغان قانىتىنى كۆرۈپلا، بىزگە قاراپ ئېچىلىپ تۇرغان قانىتىنى كۆرۈپ يېتەلمەيمىز.

— خېللىن.كىللېر

▲ئەگەر بىر ئادەم چوڭ قىيىنچىلىققا ئۇچراپ

باقمىغان بولسا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ؛ ئەگەر بىر ئادەم ھەممە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالىغان بولسا مەغلۇبىيىتىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.
«پەند ـ نەسىھەتلەردىن ئۈزۈندە»دىن

▲ئەرلەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان قىزلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھېس قىلىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن بولسا ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان قىزلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ھېس قىلىدۇ.
بىر ئەرنىڭ پەند ـ نەسىھىتىدىن

▲ئالەمدە ھاياتلىق باشلاندى، ۋاقىتمۇ تەڭ باشلاندى؛ ئالەمدە ھاياتلىق ئاخىرلاشتى، ۋاقىتمۇ تەڭ ئاخىرلاشتى. ئەمما بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىر ئالەم، ئادەمنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسى يەنە نۇرغۇن كىچىك ئالەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ
جاڭ جۇنمو «تەبىئىي كومېدىيە»دىن

▲ئاياللار ئەرلەر ئارقىلىق ئاياللارنى چۈشىنىدۇ. ئەرلەر ئاياللار ئارقىلىق ئەرلەرنى چۈشىنىدۇ.
شەنكوۋ بەيخۇي «كۆز يەتمەس دەقىقىلەر»دىن

▲ئۆسۈملۈكلەر مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، ھاياتلىق قەيەردە بولسا، ئۇلار شۇ يەردە تۇرىدۇ، بىر ئۆمۈر ياۋاش ئۆتىدۇ، ھېچقايسىسى قاچالمايدۇ، ھېچقايسىسى كېتەلمەيدۇ. ئۇسساپ كەتسە سۇ ئىزدەپ يۈرمەيدۇ؛ قورسىقى ئاچسا ئوزۇق ئىزدەپ قەدەم باسمايدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار سەۋر ـ تاقەتلىك ھەم چىدام ـ غەيرەتلىك ئىكەن، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك يەيدۇ، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئىچىدۇ، ئۇلار ئوزۇقلۇقلارنى ئۆزى ئىزدەيدۇ، قۇياش نۇرىنى ئۆزى تاپىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆستۈرىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى كۆچەيتىدۇ.
تەيۋەنلىك نەسرچى جاڭ تېڭجياۋ

▲ياشلار نۇرغۇن ساختا نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ، قېرىلار نۇرغۇن چىن نەرسىلەردىن گۇمانلىنىدۇ.
گېرمانىيە ماقال ـ تەمسىلى

▲دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇش — ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك دوست تۇتقانلىق، دوستنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇش — ئۆزىگە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن پەيدا قىلغانلىق. دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇش يېڭى بىر دوست تۇتۇش بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر كونا دۈشمەننى ئازايتقانلىق؛ دوستنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇش كونا دوستتىن بىرىنى يوقاتقانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دۈشمەندىن بىرنى كۆپەيتكەنلىكتۇر.
ـ ليۇ يوڭ

▲ئەگەر سەن ھەر كۈنى باشقىلاردىن يېرىم قەدەم كېيىن قالساڭ، بىر يىلدا 183 قەدەم كېيىن قالىسەن، 10 يىلدا 108 مىڭ چاقىرىم كېيىن قالىسەن.
لى جيەن «ۋاقىت — ھايات»تىن

▲سايىدىن قورقما، ئۇ يېقىن ئەتراپىڭدا مەلۇم بىر جايدا يورۇقلۇق بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
«تەرمىلەردىن تاللانما» (ئامېرىكا)

▲مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن ھەممە نەرسىنى بىر چارەك ۋاقىتقا ئالماشتۇرۇشقا رازى.
ئېلىزابېت — 1 نىڭ سەكراتتىكى سۆزى

---

تەرجىمە ئەسەر مەنبەسى: «تەپەككۇر ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 5 ـ سانى

## پاراسەت جەۋھەرلىرى

▲ئوتقا ئاددىي ھېسابلانغان ئىش، شامالغا ئاددىي بولۇشى ناتايىن؛ بېلىققا ئاددىي ھېسابلانغان ئىش، قۇشقا ئاددىي بولۇشى ناتايىن؛ دەرەخنىڭ غولىغا ئاددىي ھېسابلانغان ئىش، دەرەخنىڭ شېخىغا ئاددىي بولۇشى ناتايىن.
سۇبىگ (گېرمانىيە) «ھازىرقى دۇنيادا يېشىم كىچىك چاغلاردا»دىن.

▲سەن مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى كۆرەلمەيسەن، چۈنكى مەن سۇنىڭ ئىچىدە؛ مەن سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنى ھېس قىلالايمەن، چۈنكى سەن مېنىڭ قەلبىمدە.
ياپونىيە يازغۇچىسى شۇشاڭ چۇنشۇ

▲باشقىلار ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ؛ باشقىلار ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. باشقىلار بىلدى، ئۇ باي بولدى؛ باشقىلار چۈشەندى، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
«بىر تۈركۈم بايلارنىڭ قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ھەققىدە لى جياچېڭ بىلەن سۆھبەت»تىن

▲ئۈچ مىڭ يىل، ھەتتا ئوتتۇز مىڭ يىل ياشىغان

تەقدىردىمۇ سەن چوقۇم ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى: ئادەمنىڭ يوقاتقىنى پەقەت ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئېرىشكەن تۇرمۇشىدۇر؛ ئادەمنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ئۇنىڭ شۇ چاغدا يوقىتىۋاتقان تۇرمۇشىدۇر.

— مارك .ئۇخرىيۇ

▲نىكاھنىڭ قىيىنلىقى شۇ يەردە، بىز قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن مۇھەببەتلىشىمىز، ئەمما ئۇنىڭ كەمچىلىكى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىمىز.

بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەنلەر بىلەن نىكاھ ھەققىدە سۆھبەت

▲رەسسام رەسىم سىزىدىغان ئاق رەختتىن قورقىدۇ، ئەمما رەسىم سىزىدىغان ئاق رەخت ھەققىي قىزغىن رەسسامدىن قورقىدۇ.

— رەسسام ۋانگوك

▲بىر يىلنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ، مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنى ياخشى بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىدىن سوراپ باق. بىر ئاينىڭ قىممىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ، ئاي كۈنى توشماي تۇغۇپ قويغان ئانىدىن سوراپ باق. بىر ھەپتىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ، ھەپتىلىك ژۇرنال مۇھەررىرىدىن سوراپ باق. بىر سائەتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ، مەشۇقىنى ساقلاپ تۇرغان ئاشىقتىن سوراپ باق. بىر مىنۇتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ، پويىز، ئاپتوبۇس، ئايروپىلانغا خاتا ئولتۇرۇپ قالغان ئادەمدىن سوراپ باق.

▲بىر دەقىقىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەي دېسەڭ، ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن ماھىردىن سوراپ باق.

— مايكىل.لىبافۇ

▲كىشىلىك ھايات سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىنلا تۈزۈلگەن ئەمەس، بەلكى سەن ئارزۇ قىلمىغان نەرسىلەردىنمۇ تۈزۈلگەن.

«ياك لەننىڭ ھەسرەتلىك ھاياتى» دىن

▲يېڭى راھىب بولغاندا تاغ تاغدەك، سۇ سۇدەك كۆرۈنىدۇ؛ راھىبلىقنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا، تاغ تاغ ئەمەستەك، سۇ سۇ ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەندە، تاغ يەنىلا تاغدەك، سۇ يەنىلا سۇدەك كۆرۈنىدۇ.

«يايلاق سەپىرىدە مۇناخنى ئەسلەش» (سۆز دەۋرى)

▲بەتخەجلىك ئۆزى قەدىرلىمەيدىغان نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، مەردانىلىك ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

— جۇ گوپىڭ

## نەسىھەت ئۇنچىلىرى

▲ئادەمنىڭ ئەڭ سەممىي ۋاقتى ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىدۇر.

▲ئادەم باشقىلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا تېخمۇ كۆپ بەختكە ئىگە بولالايدۇ، بىراق باشقىلارغا تايىنىپ بەختكە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.

▲مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى بىلمەيمەن، ئەمما مەغلۇپ بولۇشنىڭ سىرىنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ ھەممە ئادەمگە ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇنۇش.

▲ھاياجانلانغىنىڭ تۇرمۇشۇڭنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، دائىم ھاياجانلانساڭ بۇ سېنىڭ تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدىغانلىقىڭنى چۈشەندۈرىدۇ.

▲چۈشەندۈرۈش مەڭگۈ ئارتۇقچە، چۈنكى سېنى بىلىدىغانلارغا ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق، سېنى بىلمەيدىغانلارغا ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈشۈڭنىڭ تېخمۇ ھاجىتى يوق.

▲ئاز سانلىق ۋاقتىمىزدا جاسارىتىمىزنى سىناپ باقساق بولىدۇ، كۆپ سانلىق ۋاقتىمىزدا كەڭ قورساقلىقىمىزنى سىناپ باقساق بولىدۇ.

▲ئازدۇرۇشتىن قورقما، سەن ئۇنى توسساڭ، بۇ سېنىڭ ياخشى ئادەملىكىڭنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن مەغلۇپ بولساڭ بۇ سېنىڭ بۇرۇن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭنى چۈشەندۈرىدۇ.

▲بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەس، ئۇچى تار ئادەملەرلا ھەمىشە باشقىلارنى ئۆزىگە قەرزدار دەپ ھېس قىلىدۇ. بىراق يۈزى قېلىنلار ھەر دائىم باشقىلارغا قەرزداردۇر.

▲دوستلۇق ئالقاندىكى قۇمغا ئوخشايدۇ، بوش تۇتساڭ ئالقاندا تۇرىدۇ، بەك چىڭ تۇتساڭ بارماقلىرىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ كېتىدۇ.

«يەرشارىدىكى زاتلار» ژۇرنىلىنىڭ 2010- يىللىق 135- سانىدىن **پەتتار ساتتار** تەرجىمىسى. تىلماچ: تۇرپان شەھەرلىك قاراغوجا ئوتتۇرا مەكتەپتە





# ئاپتوبۇستىكى قىز

(ھېكايە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

قۇربان ھېيت يېقىنلاپ كەلگىنى ئۈچۈنمىكىن، بازار قەۋەتلا بېسىقچىلىق ئىدى. ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن زۆرۈر سودىلىقلىرى ئۈستىدە ئالدىراش يۈرگەن ئادەملەر توپى مىغىلدايتتى. بازارچىلاردىن ھاسىل قىلىنغان كۈچلۈك دولقۇن كەبى كېتىۋاتقان ئادەمنى قارشى يۆنىلىشكە قىستايتتى. قىستاڭچىلىقتا بازارغا كىرەلمەي جىلە بولۇۋاتقانلارمۇ، سودىسىنى پۈتكۈزۈپ چىقالماي قىينىلىۋاتقانلارمۇ كۆپ ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ ئالغا ئىنتىلەتتى. قاچانلاردىدۇر ئېزىپ-تېزىپ كىرىپ قالغان ئېشەك ھارۋىسى توپنى يېرىپ چىقىپ كېتەلمەي بازار كوچىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا مىغ-مىغ ئادەم چەمبىرىكىنىڭ مەركىزىدە توغرا بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان 60 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى كىشى ئادەملەر توپى ئارىسىدا ئۈركۈپ ئاران تۇرغان ئېشەكنى ھەدەپ ساۋايتتى. قولىغا ئىككى دانە سامسا تۇتقۇزۇلغان تۆت-بەش ياشلاردىكى قىز ھارۋىغا قاتلاپ سېلىنغان چاپان ئۈستىدە پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى تىقماق-تىقماق ئادەملەر توپىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارايتتى.

بىرەر سائەت قارشىلىشىش نەتىجىسىدە بازار كوچىسىدا ماڭا قارشى يۆنىلىشتە كېلىۋاتقان كۈچلۈك دولقۇننى «يېرىپ» سىرتقا چىقىۋالدىم. ئىككى قولۇمدىكى يۈكۈم بىلىكىمنى ھېلى ئۈزۈپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى. مۇچ-پەمدۇرلىرىم قاچىلانغان سولياۋ خالتام بايامقى قىستاڭچىلىقتا قىسىلىپ قېلىپ تارتىپ چىقالماي ھەپىلەشكەندە، بېغى ئۈزۈلۈپ يېرىمداپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ كەڭرى جايغا چىقالىغانلىقىمنىڭ خۇشلۇقىدا نېرى-بېرىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئۇدۇل ئاپتوبۇس ھايالدىمىسىغا قاراپ چاپتىم. ئەركىنلىك دېگەن بۆلەكچە راھەت بولىدىكەن، قىستاڭچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىلىق-چىلىق تەرلىگەن بويۇمغا كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى غۇررىدە تېگىۋىدى، بۆلەكچىلا راھەتلىنىپ يەڭگىللەپ قالدىم.

ھايالدىمدا قوزغىلاي دەپ تۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ ئۇچۇق ئىشىكىگە چىڭ ئېسىلىپ ئۆرە تۇرغان بىلەتچى بالا مېنى كۆرۈپلا:

— بوسلا چاققان، مۇخبۇر ئاكا، سىلىگىلا قايلاپ قاغان،— دەپ توۋلىدى. بۇ يەردىكى خەقلەر كىتاب-ماتېرىيال ئوقۇغاندەك ئادەمنى كۆرسە يا «مۇخبۇر» يا «مۇئەللىم» دەۋالاتتى.

ئەدەبىيات گۈلزارى

— نېمە؟ مېنىڭ بازاردىن ھازىر چىقىدىغانلىقىمنى بىلەمتىڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭ ھەييارلىقىغا كۈلگۈم كېلىپ.

— ئەمدى شۇ... — ئۇ شۇنداق دېگەنچە گەدىنىنى قاشلاپ ھىجايدى، — ئاشۇنداغ بىژ-ئىككى ئېغىز يۇمشاق گەپ بىلەن ئىشككى كويلىرىنى ئاممىساق جان باقماق تەس بولاپ كەتتى. سىلىگە ئوخشاش قەغەزنى بوياپ جان باقىدىغان ئىشنى قىلالمىساق يا.

— نەدىكىنى، ئەسلي تاپاۋەت سېنىڭكى ئىكەن ئاينا، 12 كىشلىك مىنىبۇسقا 24 كىشىنى تىقىپسەن. ھەيدە ئەمدى ئىنساپ قىلىپ، ھېلى ماشىناڭ يارما شاپتۇلدەك ماك ئاجراپ كېتىدۇ.

ئاپتوبۇستىكىلەر چالا-بۇلا كۈلۈشۈۋالغان بولدى. قولۇمدىكى نەرسىلىرىمنى جايلاشتۇرۇۋېلىپ ئىككى كىشلىك ئورۇندا يالغۇز ئولتۇرغان قىزنىڭ يېنىدىكى ئورۇننى كۆرۈپ سورىدىم:

— يېنىڭىزدا ئەدەم بارما؟

— ياق، ئولتۇراۋەسلە، — قىز يېقىملىق كۈلۈپ ئاستا چەتكە سۈرۈلدى. مەن لىككىدە ئۇنىڭ يېنىغا كاسامنى قويدۇم.

ئاپتوبۇس ئالدى-كەينىگە كۇشۇلداپ يۇرۇپ يەنە بىر قانچە ئادەم چىقارغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغالدى. يولۇچىلار بۇگۈنكى بازارنىڭ قىستاڭچىلىقى، قىممەتچىلىك ھەققىدە ۋايساپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. مەن ئۇندىمەي ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردۇم. «... كۆپرەك زەن سېلىش ... كۆپرەك كۆزىتىش» كېرەك دەپ قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى ھەققىدە سۆزلىگىنىنى ئوقۇغانىمەن. ھەرخىل تېمىلاردا قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭ، گۇڭگۇر-مۇڭگۇرلىرى ئارىسىدىن ئۆزۈمگە تېما ئىزدەپ خىيالغا پاتقانچە ئولتۇردۇم.

ئالدىمدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان گەۋدىسىدىن بېشى يوغان كەلگەن دىقماق كىشى ئوغلىنىڭ بازاردىكى قىمارغا ئازدۇرغۇچىلار تەرىپىدىن ئالدىنىپ نەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىدىن قاقشاپ يېنىدىكى ھەمراھىغا دادلاپ بېرىۋاتاتتى. بۇنداق تېمىلار ھازىر ھېچكىمنىڭ دىققەت-نەزىرىگە ئەرزىمەيتتى. بۇلار ئىلگىرى كۆپ يېزىلىپ كەتكەن تېمىلار بولۇپ يازغۇدەك ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى. ھازىر دوقمۇش-دوقمۇشلاردا قىمار ئويۇشتۇرىدىغان لاتارىيەچى «بايۋەچچىلەر» نى ئۇچرىتىش ئادەتتىكە ئايلىنىپ بېرىۋاتسا يەنە لاۋزىلىشىپ بۇنى يازغانىنىڭ زۆرۆرىيىتى يوق!...

ئارقا تەرىپىدىكى ئورۇندا ساقال قويىدىمكىن دېسەم ھېچبىر ياسالغان ئەمەس، ساقال قويمىدىمكىن دېسەم مەڭزىدىن تارتىپ بويۇنلىرىغىچە غىچچىدە چۇپۇر باسقان ئورا كۆز بىر كىشى ھەدەپ مەھەللىسىدىكى بىر كادىرنىڭ سۇنى خەقنىڭ ئېتىزىدىن ئارىلىتىپ ئاپىرىپ ئۆز كېۋىزىنى ئۈچ سۇلۇق قىلىۋالغانلىقىنى، خەقنىڭ كېۋەزلىكىگە بولسا ئەمدىلا بىرىنچى سۇ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى، قايسىبىر مەھەللە مۇدىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە بار تېرىلغۇ يېرى ئوتتۇز مو ئىكەنلىكى، ئەمما ئاشلىق تولۇقلىما پۇلى ئالغاندا 250 مو يەرگە تولۇقلىما پۇلى ئېلىپ خەجلىگەنلىكى، يەنە قايسىدۇر كەنت باشلىقىنىڭ خوتۇنى كىمنىڭ خوتۇن-باللىرى زىرائەتلىرىنى ئوتىشىپ بەرسە شۇنىڭ ئائىلىسىنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالىدىغان تىزىملىككە تىزىملاپ قويالايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقى بارلىقىنى ... سۆزلەپ يېنىدىكى كىشىگە پاراڭ قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئالدىمدىكى يەنە بىر ئايال بولسا ...

«چىك ... ئاي، ئەجەب قىستىدى ماۋۇ قىز...»

زېھنىم بۆلۈنۈپ يېنىمدىكى قىزغا قارىدىم. قىز ئۆزى بىلەن ئاپتوبۇس ئەينىكى ئارىلىقىدا كىچىك بالا پاتقۇدەك بوشلۇق قويۇپ ماڭا يېقىن قىستىلىۋالغان ئىدى. بۇ قىستىلىشتىن بىرئاز بىئاراملىق ھېس قىلىپ ئازراق لىڭشىپ قويدۇم. ئاندى كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا سەپسالدىم. قىپقىزىل شايى ياغلىقى ئۆزىگە خوپ ياراشقان، ياغلىقى ئاستىدىن پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان تارمال چاچلىرى قارا قىزغۇچ، توم-توم ئىككى تال ئۆرۈلۈپ دولىسىدىن ئالدىغا تاشلانغان بولۇپ مەڭزىلىرى قىپقىزىل، قوش ئېڭەك، يارىشىملىق ئىككى تال زىنىخى بار يۇمىلاق يۈز، ھېچقانداق گىرىمسىزلا يۇمران تېرىلىرى پارقىراپ تۇرغان ئوماققىنە قىز ئىدى. يېشى مەندىن ئىككى-ئۈچ ياش كىچىكتەك قىلاتتى. دېرىزە ئەينىكىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغانلىقىدىن قىزنىڭ كۆزىنى يان تەرەپتىنلا كۆرۈشكە بولاتتى. ياندىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ بۇلاقتەك تىپ-تىنىق، ئاھۇ كۆزلۈك قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

قىزنى بىر ئاز كۆزەتكەندىن كېيىن يەنە ئۇدۇلۇمغا قارىدىم. بۇ ئارىلىقتا ئالدىمدىكى ھېلىقى ئايال ئاللىبۇرۇن ئۆز تېمىسىغا ئىچكىرىلەپ بولغانىدى. سۆزلەۋاتقان تېمىسىنىڭ باش-ئايىغىنى باغلاشتۇرالماي ئۇمىدىمنى ئۈزۈپ باشقا تەرەپكە قارىدىم. قەدىناسلار بولسا كېرەك، بىر جۈپ بوۋاي-موماي باشلىرىنى يېقىن ئەكېلىپ گۇڭگۇرلىشىپ بارماقتا ئىدى.

مىنىبۇسقا ئورنىتىلغان DVD ئاپپاراتى ئېكرانىدىن تۈركىيەلىك بىر ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ تالىشىۋاتقان ئىتتەك غىڭشىلدىشىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان غەلىتە جاز ناخشىسى

چىقماقتا ئىدى. ياشلارنىڭ كۆزى ئېكراندىكى ناخشىچى ئايالنىڭ كەينى ئوچۇق كۆڭلىكىگە تىكىلگەنچە گازىر چېقىشىپ بارماقتا ئىدى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا... ــ يېنىمدىكى قىز مېنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئاپتوبۇس كاتەكلاردا هەر بىر سىلكىنسە ئۇنىڭ گەۋدىسى مېنى هەدەپ قىستايتتى. قىستىلىپ يۈرۈپ كاسامنىڭ يېرىمى ئورۇندۇقتا، يېرىمى بوشلۇقتا قالغان ئىدى.

بۇ قىز مېنى نېمانچىلا قىستايدۇ؟

قىزنى قايتا كۆزەتتىم، قىز هەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. جىنەستىدەك لەۋلىرى، ئۇچمە كۆچىتىنىڭ يومىران يوپۇرمىقىدەك قۇلىقىغا سېلىنغان ئاددىيغىنا زىرە، چوڭ گۈللۈك قىيما كۆڭلىكى، پۇچقىقىغا كەشتە تىكىلگەن قىزىل تاۋار شىمى، بېشىدىكى مارجانلىق قىپقىزىل شايى ياغلىقى ئۇنى تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرسەتەتتى. قىز مېنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قالدىمۇ، لەپپىدە ماڭا بىر قارىدى. كۆزلىرى هەقىقەتەنمۇ قاپقارا ۋە خۇمارلىق، بۇلاقتەك تىپ ـ تىنىق، كىرپىكلىرى تال ـ تال ئاھۇ كۆز لەۋەن قىز ئىدى. كۆزى كۆزۈم بىلەن تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان قىز ماڭا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. كۈلگەندە مەڭزىدىكى ئىككى تال زىنىخى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

مەن قولاشمىغان هەرىكەت بىلەن چالا كۈلۈپ قويۇپ ئالدىمغا قارىۋالدىم. ئىچىمدە دەررۇلا بىر خىيال غەليان كۆتۈرۈشكە تەمشەلگەن ئىدى. «بۇ زادى قانداق قىز؟ ئۆزى شۇنچە چىرايلىق هەم ئوماق، تارتىنچاق بىر قىز ئىكەن. ئادەم شۇنچە كۆپ ئاممىۋى سورۇندا قەستەنگە مېنى قىستاپ سۈركىشىپ ئولتۇرغىنىنى نېمە دەپ چۈشىنەي؟ يا بۇ قىزدا بىرەر مەسىلە بارمۇ، ياكى ئادەم كۆپ جايدا خىجىل بولماي ئاشكارا سۈركىشىپ كەتكىنىگە قارىغاندا بۇ چوقۇم هېلىقىدەك قىز!...چاتىقى بار قىزلارلا هايا، پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ باشقىلارغا مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى سۈركەيدۇ، سۈركىشىپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر كۆزلەيدۇ... هەي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم!»

تۇرۇپلا كاللامغا مەغرۇر بىر ئوي كەچتى: ماڭا سۈركەشكىنىڭىزگە پەرۋايىم پەلەك خېنىم!... سىزدەك كۈلكىسى بىلەن ئادەم ئازدۇرۇپ، سۈركىشىپ، نازلىنىپ ئادەمنى يولدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىغان قىزلارغا ئالدىنىدىغان ئاكاش ئەمەسمەن! تويتوغرا ! مانا ماۋۇ قىز ياخشى تېما ئەمەسمۇ؟ قايسىبىر ئارتىس ئېتوت ئويۇنىغاندا يولدىن چىققان قىزلار هەققىدە ‹بىردە قارىسا دىبادا، بىردە قارىسا ۋاڭبادا، بىردە قارىسا جۇڭبادا› دەپ سۆزلەۋاتاتتى. ماۋۇ مېنى قىستىغان قىز دەل ئاشۇ «جۇڭبادىكى قىز» ئوخشىمامدۇ؟ ئاپتوبۇستىكى لىققىدە ئادەمدىن ئۇيالماي ئاكىسىدەك كىشىگە چاپلىشىپ قىلىق چىقىرىۋاتقان ماۋۇ «سەپەردىشىم» مەن يازىدىغان ياخشى تېما بولالماسمۇ؟ راست، راست، مۇشۇنداق غەلىتە قىلىقلىرى بار قىزلارنى يازاي. ئەخلاقسىزلىقىنى، چىركىنلىكىنى، ناچارلىقىنى ... ئېشقىلىپ يامان قىزلاردا بولىدىغان تامامى سۈپەتلىرىنى شۇنداق گۈل كەلتۈرۈپ يازايكى، كېيىنكى كۈنلەردە ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندا ماۋۇ ئاپتوبۇستىكى قىز ئوقۇپ قالسا «ماۋۇ يازغۇچى ئاكاش مېنى يازغان ئەمەستۇ ـ هە!» دەپ خۇدۇكسىرەپ قالسۇن. مۇشۇ ئاپتوبۇستىكى نورمىدىن ئارتۇق قاچىلانغان نەچچە ئون كىشى گۇۋاھتۇركى، بۇ قىز سۆزسىز ياخشى قىز ئەمەس. يولدىن چىققان قىز، ئۆزى يولدىن چىقىپ بولۇپمۇ، يەنە خەقنىمۇ يولدىن چىقىرىشقا ئازدۇرىدىغان يامان ئاتلىق قىز . شۇڭا مەن تەنتەنىلىك هالدا كۆڭلۈمدە كېسىم چىقىرالايمەنكى، بۇ قىز بەكلا ناچار قىز، هەممە كىشى يىرگىنىدىغان، تۆكۈرىدىغان،ئۆچكى چىرايلىق بولغان بىلەن ئەپت ـ بەشىرىسى رەسۋا قىز. ماڭا قانچە سۈركەشسىمۇ بىكار، چۈنكى مەن بۇ قىزغا ئوخشىمايمەن. سۈركەشسە سۈركىشىۋەرسۇن، بۇ قىزنى شۇنداق كېلىشتۈرۈپ يازايكى، خەقلەر پەرىشتىدەك گۈزەل كۆرۈنىدىغان قىزلارنىڭ هەقىقي ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرۈپ قالسۇن، تۆكۈرسۇن، قارغىسۇن، لەنەت ئوقۇسۇن! هە، شۇنداق قىلاي، بۇ ئەسەرنىڭ تېمىسى «ئاپتوبۇستىكى قىز» بولسۇن.

كېتىۋاتىمەن، مەن مەغرۇر. يېنىمدىكى ماۋۇ قىزنى چوڭقۇر چۈشەنگەن پاراستىم بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىمەن. قىزمۇ كېتىۋاتىدۇ. چىرايى، خۇلقى بىلەن ئۇنى ـ بۇنى قىستاپ، ئەركىلەپ كۈنۈپ قالغان قىز ـ «ئاپتوبۇستىكى قىز» تېخىچە مەندىن تېگىشلىك جاۋاب ئالالماي مېنى ئۆزىگە قارىتالماي ئاۋارە. هەتتا مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ قانداق پىلانلارنى تۈزۈپ كېتىۋاتقىنىمدىن بىخەۋەر. هە دەپ قىستاش، چاپلىشىش، سۈركىشىش...

باشقىلار تۈرلۈك پاراڭلار بىلەن، لاتارىيەدە ۋەيران بولغان ئوغلى، ئېرى بىلەن تەڭ هوقۇق يۈرگۈزەلەيدىغان كەنت باشلىقىنىڭ خوتۇنى، 30 مو يەر تېرىپ، 250 موغا ئاشلىق تولۇقلىمىسى ئالالايدىغان كەنت باشلىقى، ئاشقان پۇلغا ساختا پۇل قايتۇرغان چاشقان دورىسى ساتقۇچى... قاتارلىق تېمىدىكى پاراڭلىرى بىلەن گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر، DVD ئاپپاراتىدىن كەينى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگەن ئالتۇن چاچلىق قىز هەممە يېرىنى لوپۇلدىتىپ يۇزلىگەن تاماشىبىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ غەزەل توۋلىماقتا.

مەن بولسام ئەڭ يېڭى تېمام ھەققىدە ئويلىناتتىمەن. يېنىمدىكى قىز بولسا يەنىلا قىستاش،چاپلىشىش سۈركىلىش بىلەن ...

ئاپتوبۇس سەلتەنەت بىلەن يېزا ھايالدىمىسىغا كىرىپ كەلدى. ئەستا ئېزىۋاتقىنىمنى قارىمامدىغان! مەن سەلتەنەت بىلەن ھايالدىمىغا كىرىپ كەلگەن ئىدىم. ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلار بىر ـ بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەنمۇ يۈك ـ تاقمىنى قولتۇقلاپ ئۆز نۆۋىتىم كەلگەندە مەغرۇر قەدەملەر بىلەن ئاپتوبۇستىن چۈشتىم. چۈشۈپ بولۇپ ئاپتوبۇس ئىشىكى يېنىدا بېلەتچىنىڭ پارچە پۇل قايتۇرۇشىنى كۈتكەچ ھېلىقى«سەپەردىشىم» ــ ئاپتوبۇستىكى قىزنىڭ «ھوسۇلسىز» سەپىرىگە قانداق كەيپىياتتا بولغىنىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى بىلەن بىردەم تۇرۇپ قالدىم. ئاڭغىچە قىزنىڭ بېشى ئىشىكتىن كۆرۈندى. ئۇ ئاۋايلاپ چۈشۈۋېتىپ مېنى كۆردى ـ دە، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئاكا، كەگچە قىستىلىپ قاللا، ھە؟

ــ يا...ق،ــ دېدىم مەغرۇر تەلەپپۇزدا.

ــ تۇزۇت قىممىسلا ئاكا، كەگچە سىلىنى قىستاپ بەكلا قىژناپ قويدۇم، خاپۇممىسلا جۇما؟

قىز سۆزلىگەچ ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى پەشتىقىدىن يەرگە پۇت قويدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىلا پەيدا بولۇپ قالغان غالتەكلىك ئورۇندا ئولتۇرغان ياش يىگىت قىزغا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ھەجەب ئەنسىرەتتىڭ ئەدەمنى.

ــ سۇنۇقخانىدا ئەدەم بەك جىققەن، ئۆچرەت يەتمەي ئاۋارە بولاپ كەتتىم. سىلە نېمدەپ كەلدىلە؟

ــ كىچىكىپ قالغان ئىدىڭ، ئەنسىرەپ ئولتۇرامىدىم.

ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالغاچ قىزغا قايتا قاراپ قويدۇم. قارىدىم ـ يۇ، كۆزلىرىم پاللا ـ پۇللاڭ قىلىپ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. قىزنىڭ بىر قولى جەينىكىدىن بېرى تارشاقلاپ تۇخۇم چېپىلىپ تېڭىلغان ئىدى.

«ھە! ئەسلى قىزنىڭ مېنى ھارماي قىستىغىنى ئاۋۇ قولىنى ئاياپ بولغان ئىش ئىكەندە...»

كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىققا ئىشەنمەي، ئىشەنگۈم ھەم كەلمەي قىزغا سەپسالدىم. غۇنچە بوي چىرايلىق قىز ئىدى. ساق قولى بىلەن غالتەكلىك ئورۇندۇقتىكى يىگىتنىڭ قالايمىقان ئېتىلگەن تۈگمىسىنى ئوڭشاش بىلەن بەند ئىدى. قوللىرىدىن بىر خىل ئەپچىللىك بايقىلىپ تۇراتتى. نازۇك لەۋلىرىنى ئۇنچىدەك چىشلىرى بىلەن چىڭ چىشلىۋالغان بولۇپ، كىرپىكلىرى قولى ئىشلەۋاتقان نىشانغا ئوقيادەك تىكىلگەن ئىدى.

ــ كەلگۈچە ماۋۇ ئاكامنى قىستاپ قويدۇم،ــ دېدى قىز ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن غالتەكلىك ئورۇندۇقنى مەن تەرەپكە يۈزلەندۈرگەچ،ــ تەتۈر، گەپ ئۇقماس بىرەرى بوسا پۇلنى ئوخشاش تۆلىگەنمەن دەپ قىستاپ قولامنى ئاغرىتىۋېتەتتى. بۇ ئاكام بەك ئوڭلۇق ئەدەمكەن. ئورنىنى ماڭا كەڭ بېرىپ ئۆزى قىستىلىپ كەلدى.

يىگىت ماڭا قاراپ ئىللىققىنە كۈلۈمسىرىدى.

ــيولدا كەگچە ئايىلمىنىڭ ئېغىرىنى جىق كۆتىرەپسىلە. قېژلىنىپ قاغان بوساڭلا رازى بولاپ كېتىڭلا ئاداش. ئۆزەم مېيىپ بوغاندىكىن ئايىلىم ئاغرىقچان ئانامنى ژۇدۇپ تەرەتكە ئەچچىققىچە ژىقىلىپ كېتىپ، قولى بىلەن يە تايىنىپ قېلىپ بېغىشىدىن سۇنۇپ كەتكەن. ماۋۇ ئىشىككىنجى تېڭىلىشى...

ــ ئانام چۈشتە بىژنەسە يېدىمۇ؟ــ سورىدى قىز ئېرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ــ چاي ئىچتى.

ــ بازادىن گۆش ئېلىپ كەلدىم. بېرىپلا تاماق ئېتىپ بېرىمەن.

ئېغىزىمدىن ھېچقانداق تاۋۇش چىقىرالماي قاققان قوزۇقتەك، سىمى يوق ئىستولبىدەك، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ھەيكەلدەك، ئوتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئېسىمنى يىغسام ھېلىقى قىز غالتەكلىك ئورۇندۇقنى ساق قولى بىلەن ئىتتىرىپ مەندىن خېلىلا يىراقلاپ بولغان ئىدى. ياق، ياق، يەنە ئېزىۋاتىمەن، مەن ئۇلاردىن خېلى بەكلا يىراقتا قالغان ئىدىم ...

---

ئاپتور: قىرغىز. يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە، دېھقان

بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرىنى بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى؛ مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۈلنار رۇستەم؛ مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنى لايىھەلىگۈچى: گۈلزار ھېسامىدىن (تەكلىپلىك).

# نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز



يالقۇن روزى

ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەركىن مۇنازىرە مۇھىتىنىڭ قويۇق بولۇشى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، دەپ چۈشىنىش ئىلمىي ئەقىدىگە ئايلانسا، بىزنىڭ تەتقىقات ۋە تەنقىدچىلىك ساھەيمىزدە تېزدىن جانلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولاتتى. ئۇنداق بولمىسا، تەتقىقات ساھەسىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار ئۆز پېتى قېلىۋېرىدىغان ھەم ئىزچىل تەكرارلىنىۋېرىدىغان، سۈپەت ئېڭى يوق قەلەمكەشلەر ئەرزىمەس يازمىلىرىنى بىمالال ھالدا مەتبۇئاتلاشتۇرۇۋېرىدىغان، ئىلمىي ئۆلچەم ۋە ئىلمىي پرىنسىپ ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان، پاخال ئەسەرلەر ئىلىم مۇنبىرىنى قاپلاپ كېتىدىغان نورمالسىزلىق كۆرۈلۈۋېرىدۇ.

شۇڭا مەن ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەركىن مۇنازىرە مۇھىتىنىڭ قويۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن ھەم ياقتۇرىمەن. چۈنكى، قۇرۇق ھاياجان تۇيغۇسىدىكى ئەمەس، بەلكى لوگىكىلىقى كۈچلۈك ئىدراكىي مۇھاكىمە،تۇيغۇسىدىكى، شەخسىيەتچىلىك خاھىشىدىكى ئەمەس، ئىلمىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى ئەركىن مۇنازىرە ئىلمىي ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىلىق. بۇ تەتقىقاتچىلار ۋە ئەدىبلەر ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە پايدىلىق.

ھەر بىر ئادەم ئوبيېكتىپ رېئال دۇنيادا ياشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى دۇنياسى بولىدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا كىشىلەرنىڭ بىلىشى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا بەزىدە بىردەكلىكنى ساقلىسا، بەزىدە زىددىيەتلىك ھالەتتە بولىدۇ. زىددىيەتلىك ھالەتنىڭ ئىپادىسىنى شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىلىش ئۇسۇلى ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەپەككۇرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشتە روشەن دەلىل بولالايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، تەپەككۇر جەھەتتە ئەگىشىش تىپىدىكى، خاراكتېر جەھەتتە قۇرۇقتىن قۇرۇق قايىل بولۇش تىپىدىكى، بولۇپمۇ نوپۇزغا قارىغۇلارچە ئىشىنىش تىپىدىكى ئوقۇرمەنلەر قەلەمكەشلەرنىڭ بايان، باھا، مۇلاھىزە ۋە قاراشلىرىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىلىش ئۇسۇلىنى ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان تەپەككۇرىنى بايقىيالمايدۇ. نەتىجىدە قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىدۇ ـ دە، خاتا يېتەكلىنىپ كېتىۋېرىدۇ.

بۇنداق يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ھەم قەلەمكەشنىڭ بىلىش ئۇسۇلى ۋە لوگىكا جەھەتتىكى خاتالىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ھېس قىلالمىغان تەرەپلىرىنى تونۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تەنقىدىي ماقالە ياكى مۇنازىرە ماقالىسى يېزىش بەكمۇ زۆرۈر. بۇ

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

ئىلىم ساھەسىنىڭ ساغلام، سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق. بولۇپمۇ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىغا تولۇقلىما» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ بىلىش مەسىلىسىگە ياتىدىغان مەسىلىلەردە ئەھمىيەتلىك بىر مۇنازىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدۇم. مېنىڭچە ماقالە ئاپتورى غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرمۇ مۇشۇنداق ئويلىغان بولسا كېرەك. ئىلمىي لاياقەتكە ئىگە ھەر قانداق بىر ئادەم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي مۇنازىرىنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. ھەر قانداق بىر پەن ياكى ھەر قانداق بىر لاياقەتلىك ئىلىم ئىگىسى كىشىلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆز قارىشىغا شەرتسىز ئەگىشىشكە دەۋەت قىلمايدۇ، كىشىلەردىن ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلارنى مۇلاھىزىسىز قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئىلىم ـ پەن گۇمانىي پوزىتسىيە ھەم تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە مۇنازىرە قىلىش بىلەنلا گۈللىنىدۇ. ئىلمىي ھەقىقەت ئىزدەش سەپىرى مۇشەققەتلىك ھەم دېموكراتىك بولىدۇ. نوپۇزغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، سالاھىيىتىنى پەش قىلىش، ئىلىم مۇنبىرىنى مونوپول قىلىۋېلىش، ئىلىم زومىگەرى سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقىش رەت قىلىنىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر ھەقىقىي ئىلمىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» (تۆۋەندە قىسقارتىپ شۇنداق ئاتايمەن) ناملىق ماقالىسىدە مېنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ «يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخشۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرىمەن» دەپ كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ روشەن ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرگەن. مېنىڭچە بۇ، مەن تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدىغان ئىلمىي باھا. چۈنكى، مەن يازغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالە 1980 ـ يىللىرىدىن بېرى ئومۇملىشىپ، تۇراقلىشىپ كەتكەن بىر خاتا قاراشنى تارىخىي پاكىتلارنى مىسال كەلتۈرۈش ۋە تارىخىي جەريانلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تۈزىتىپ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېڭى ھەم توغرا قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ماقالە ئىدى. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مۇئەييەنلەشتۈرگەن بۇ مەسىلە مېنىڭ ماقالەمدىكى تۈپ مەسىلە ئىدى. بۇ تۈپ مەسىلىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تەتقىقاتچى تەرىپىدىن روشەن پوزىتسىيەدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، مېنىڭ قارىشىمنىڭ قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ناۋادا مېنىڭ قارىشىم مۇشۇ تەرزدە باشقا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، بۇ مەن ئۈچۈن شەرەپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، 30 يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن بىر زور خاتالىققا خاتىمە بېرىلگەنلىك بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. مېنىڭ قارىشىم باشقا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن روشەن دەلىل ۋە قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈش بىلەن رەت قىلىنمىسىلا، ئوخشاشلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنگە باراۋەر بولۇۋېرىدۇ. بىر تەتقىقات ماقالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى قاراش ياكى يېڭى ھۆكۈم ماقالىنىڭ جېنى ھەم قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇبادا يېڭى قاراش ياكى يېڭى ھۆكۈم تەتقىقات ساھەسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولسا بۇ شۇ ماقالىنىڭ غەلىبىسىدۇر. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش پىكرى مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مېنىڭ ماقالەمدىكى تۈپ قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنى «بەزى تەرەپلەرنى ئىزاھلىغاندا، ئايرىم نۇقتىلارغا يەشمە بەرگەندە، مەركىزىي ئىدىيەنى تەھلىل قىلغاندا ئاپتور تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشتا ئەمەس، بەلكى، تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە، ئىلىم ـ پەن مەسىلىسىگە غەيرىي ئويۇننى ئارىلاشتۇرۇۋالغانلىقى، ھەتتا ئومۇمىيلىق مەسىلىسىدە ئايرىمچە ۋە خۇسۇسىي قارىشىنىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ قالغانلىقىنى، مەسىلىلەرنى ماكان، زامان ئىچىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىش قارىشىنىڭ كەملىكىنى، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە ھادىسىنى چۈشىنىش ئېڭىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنلىكىنى سەزمەي تۇرالمىدىم» دەپ يېزىپ بىر قانچە نۇقتىغا بۆلۈپ تەنقىدىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ نۇقتىلارغا بۆلۈپ يۈرگۈزگەن تەنقىدلىرىنى رەددىيەگە موھتاجدەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن مۇنازىرىلىشىپ بېقىشنى زۆرۈر تاپتىم. ئەلۋەتتە، مۇنازىرىلىشىۋاتقان تەرەپلەردە يۈكسەكلىككە ئىنتىلىدىغان مەقسەت، ئەمەلىيەتكە ھەم ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇشنى قوغلىشىدىغان ئىلمىي ئىستىل بولۇشى كېرەك. بىر تەرەپنىڭ مۇددىئاسى يۈكسەكلىككە ئىنتىلىش بولۇپ، ئىلمىي، ئوبيېكتىپ مەيداندا تۇرۇپ مۇنازىرە قىلسا، يەنە

بىر تەرەپنىڭ مۇنازىرە مۇددىئاسى چاكىنا، مۇنازىرە ئۇسۇلى مەنتىقسىز بولسا، بۇنداق مۇنازىرە ئىلىم ساھەسىگە، قەلەم ئىگىلىرىگە، ئوقۇرمەنلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئاقىل تەرەپ نادان تەرەپكە مەغرۇر سۈكۈتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئەخمەققە بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب سۈكۈت. بەلكىم بەزىلەر كىمنىڭ نادانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەپلاتۇن شۇنداق دېگەن ئىكەن: «نادانىنىڭ نادانلىقىنى ئىككى تەرەپتىن كۆرۈشكە بولىدۇ؛ بىرى، گەپ ـ سۆزى تۇتۇرۇقسىز كېلىدۇ، يەنە بىرى جاۋابى تاققا ـ تۇققا بولىدۇ.» ئەپلاتۇننىڭ بۇ ھېكمەتلىك بايانىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە بىزنىڭ ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە كۆپلەپ مىسال تېپىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. بىزدە گەپ ـ سۆزى تۇتۇرۇقسىز، جاۋابى تاققا ـ تۇققا مۇنازىرىچىلەر ئاز ئەمەس. ئىلمىي، ئادىل، توغرا، ئوبيېكتىپ پوزىتسىيەدە ئىدراكىي مۇنازىرە قىلالايدىغان مۇنازىرىچىلەر تولىمۇ كەمچىل. مەن ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە ئەركىن مۇنازىرىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئوبزورچى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ قاراشلىرىغا ھەم تەنقىدىي پىكىرلىرىگە قارىتا مۇنازىرە يۈرگۈزگەندە بار ئىمكانىيىتىم بىلەن ئىلمىي، ئادىل، توغرا، ئوبيېكتىپ بولۇشقا تىرىشىمەن. ناۋادا تەنقىدىي پىكىر ۋە تەنقىدىي قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەريانىدا ئېغىپ كەتسەم، ئوچۇق، ئاشكارا تۈزىتىلىشىنى كۈتىمەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما»دا، بىرىنچى مەسىلە سۈپىتىدە، مېنىڭ «ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تۈنجى خاتالىق كىمنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟» دەپ سوئال قويۇپ، ئىبراھىم نىيازنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسەتكەنلىكىمنى «زامان، ماكان ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىنىشى يېتەرلىك بولمىغان» دەپ تەنقىدلىگەن. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئىبراھىم نىيازنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلگەن بۇ خاتالىق ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ «ۋۇجۇدقا چىقىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن پېشقەدەم مائارىپچى»لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بۇ ھەقتىكى «تۈنجى خاتالىقنى ئىبراھىم نىياز ئەپەندى سادىر قىلغان دەپ كۆرسىتىش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. مېنىڭچە، ماقالە ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان ئىكەن، ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇن جەھەتتىن ئىبراھىم نىياز ئەپەندىدە بولىدۇ. شۇڭا، مەسئۇلىيەتنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىش لازىم. بۇ بىر ئەقەللىي مەسىلە. ئىبراھىم نىيازنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ «ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ياردەمدە بولغان ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن»لەر مەسئۇلىيەتتىن مۇستەسنا. چۈنكى، ھەر قانداق تەتقىقاتچى ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق مەسىلىگە جاۋاب ئىزدىگەندە چوقۇم ئېھتىياتچان، ئاقىلانە، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن تەپەككۇر قىلىپ يېڭى يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئىبراھىم نىيازنىڭ ماقالىسىنى ئىلمىيلىك يېقىدىن، توپلىغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل رەتلەش، ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا يېزىلغان تەتقىقات نەتىجىسى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ماقالە پەقەت ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ دۆۋىسى، خالاس. تەتقىقاتچى توپلىغان ماتېرىياللىرىنى، مەيلى ئۇ ئاغزاكى ياكى يازمىچە ماتېرىيال بولسۇن، رەتلەش ۋە پەرقلەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلمىسا تەتقىقاتچى ئەمەس، خاتىرىلىگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئىبراھىم نىياز بۇ ماقالىدە خاتىرىلىگۈچى سالاھىيىتىدە ئەمەس، بەلكى تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭا، مېنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئاپتور سالاھىيىتىدىكى ئىبراھىم نىيازغا باغلاپ ئىزاھلىشىم ئادالەتسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئادىللىقتۇر. بۇنداق ئىزاھلىشىمنىڭ ماكان، زامان بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ناۋادا 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «چەت ئەلنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار، دۆلەتنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، تەھقىقلەنمىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، گۇۋاھچىلار ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن، ۋاسىتىلىق گۇۋاھچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ئارىلىشىپ كېتىش، ئېلىشمانچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن بىر ۋاقىت ئىدى. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنداقتا، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى 1885 ـ يىلى باشلانغان» دېگەن خاتا قاراشنىڭ تۈنجى قېتىم مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان كىشى كىم بولۇشى كېرەك؟ غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ» دېگەن سۆزى تولىمۇ ئېنىقسىز سۆز بولۇپ، ئېنىقلىققا ئىگە ئىلمىي جاۋاب ئەمەس. مېنىڭچە، مەتبۇئاتلاشقان خاتالىققا ھەر قانداق ماكان ۋە زاماندا ئاپتور جاۋابكار. «توغرا

چۈشىنىشكە بولىدۇ» دېگەن قاراش مەسئۇلىيەت ئېنىق ئايرىلمىغان، مۇجمەل پوزىتسىيە. ئەگەر بىز قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئىبراھىم نىيازنىڭ قەلىمى ئارقىلىق مەتبۇئاتلاشقان بۇ تۈنجى خاتالىقنى، ئۇنى خالىس ھالدا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن، «ئەسلىمىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ۋاستىلىق گۇۋاھچىلار»غا دۆڭگىسەك ئادىللىق بولارمۇ؟ كىشىلەر تەمىنلىگۈچى مۇھىممۇ، تەتقىقاتچىمۇ، ئاپتور مۇھىممۇ، ئېيتىپ بەرگۈچىمۇ دەپ سوئال قويۇپ تۇرۇۋالسا، نېمە دېگۈلۈك؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا قايسى تەرەپنىڭ خاتالىقنى «توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ؟» روشەنكى، ئېيتىپ بەرگۈچى بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ خاتالىقنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسئۇلىيەتنى ئاپتورغا يەنى تەتقىقاتچىغا ئارتماي باشقا چارە يوق. ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان ئەسەردە كۆرۈلگەن خاتالىقنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ھەرقانداق ئاپتور قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق ياكى ئاجىز ئادەم ئاپتور سۈپىتىدە، تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى لازىم. خاتىرىلىگۈچى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئاندىن «كۆرۈلگەن خاتالىقنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ.» ھەممىگە ئايانكى، ئىبراھىم نىياز مەتبۇئاتتا ئاپتور سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسىرىدە كۆرۈلگەن خاتالىقنى شارائىتقا دۆڭگەپ ئىزاھلاش قائىدىگە سىغمايدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئىبراھىم نىيازنىڭ ماقالىسىدە كۆرۈلگەن تۈنجى خاتالىقنى ئاقلاش، توغرىسى دۆڭگەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ماتېرىيال توپلاش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرمەك بولۇپ، «مەلۇمكى، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئاغزاكى تارىخي ماتېرىيال، يەنە بىرى، يازما تارىخي ماتېرىيال» دەپ كۆرسەتكەن. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر پۈتۈنلەي خاتا بۇ نەزەرىيەۋى بايانىنى ئەتەي بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس، كونتېكستنىڭ ئېھتىياجىدا تەبىئىي دەپ تاشلىغان بولسا ئانچە ھەيران قالمىغان بولاتتىم. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەم نەزەرىيەۋى ساۋاتلارنى ھەردائىم توغرا، دەل سۆزلىيەلەيمەن ياكى يازالايمەن، دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ. ئەمما، گەپنى «مەلۇمكى» دەپ باشلاپ، ئۆزى ئېنىق بىلىدىغاندەك ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ تامامەن خاتا بولغان نەزەرىيەنى سۆزلىسە، بۇ ھەر قانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ.

1990-يىللارنىڭ باشلىرى داڭلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىلەن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ نەشرىياتقا تەييارلانغان ئارگىنالىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، مەن كىتابتىكى «روشەنكى، ھەقىقىي مېتودولوگىيەسىز ھەقىقەتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جۈملىنى ئاڭقىرالماي، «بۇ پىكىر قويۇلۇشىدىن قارىغاندا بەك مۇھىم مەسىلىدەك تۇرىدۇ، ماڭا چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرسىڭىز بوپتىكەن» دەپ ئىلتىماس قىلسام، بۇ مۆتىۋەككۈر ئالىم ئالدىرىماي تۇرۇپ: ھەر قانداق تەتقىقات توغرا ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيەگە موھتاج. ھەر قانداق بىر پەننىڭ تەجرىبىلەردىن ئۆتۈپ نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن مېتودى بولىدۇ. شۇ پەننىڭ نەزەرىيەسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنمىگەندە شۇ پەننىڭ خاراكتېرىنى، تەتقىقات ئوبيېكتىنى، تەتقىقات مېتودىنى، ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى ئىنچىكە بىلگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئالىم - مۇتەخەسسىس دەپ ئاتىلىۋاتقان تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۈزۈك بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ماقالە-ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك. يازغانلىرى كونسپېك سەۋىيەسىدىكى ئاددىي ماقالە-ئەسەرلەر، مۇستەقىل ئىلمىي خۇلاسىدىن خالىي تەكرار يازمىلار، ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئاساس بولىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىلمىي مېتود، دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە تارىخشۇناسلىق مېتودى تارىخشۇناسلارنى تەربىيەلەيدىغان ئىلىم دەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ئادەتتە ھېرودود، سىما چيەن، تەبەرى، مىرزا ھەيدەردەك بۈيۈك تارىخشۇناسلار تۇغما بولۇشى مۇمكىن، ئەمما داڭلىق تارىخشۇناسلار تەربىيەلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇغما تالانتلىقلارمۇ تارىخشۇناسلىق مېتودىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يارىتىش ئارقىلىقلا تارىخشۇناسقا ئايلىنىدۇ. تارىخشۇناسلىق مېتودى تارىختا ئۆتكەن مىڭلىغان تارىخشۇناسلارنىڭ تەجرىبىسىدىن خۇلاسىلەنگەن بولىدۇ. بۇ تۈپ مېتودلارنىڭ سىرتىدىكى تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسى بىلەن ئىدىيەسى، تارىخشۇناسلارنى زۆرۈر بولغان تۈپ ساپا ۋە تەربىيە مەزمۇنى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەن بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمنىڭ سۆزلىرىدىن بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن ئىچى پۇشىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا ھېس قىلغانىدىم. كېيىنچە نەزەرىيە جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشكە سەل قاراش خاھىشىنىڭ بىزدە ئومۇملاشقان مەسىلە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەننىڭ نەزەرىيەسىنى بىلمەسلىك

ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش نەزەرىيە ۋە تەپەككۇرغا ئاجىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر تەتقىقاتچىنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرى ئاجىز بولىدىكەن، سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بىلەن قارىسىغا ھۆكۈم قىلىشتىن ياكى يۈزەكى خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. بولۇپمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئادەتلەنمىگەن ئەھۋالدا ئىلمىگە يات بۇنداق مەسىلە تېخىمۇ ئېغىر كۆرۈلىدۇ. سىستېمىلىق ئىلمىي تەتقىقات شۈبھىسىز ھالدا نەزەرىيە جەھەتتىكى يېتەرلىك تەربىيەلىنىشنى شەرت قىلىدۇ. تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى ئاددىيلىقتىن ھەم يۈزەكىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ئالدى بىلەن «نەزەرىيە ئەمالىقى»دىن تېز قۇتۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشمەكتە. ئۇلار نەزەرىيە ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ قىممىتىنى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ تۈزۈك چۈشەنمەي، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرغا ئادەتلىنىشكە سەل قاراۋاتقانلىقىدىن، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماقتا. بىر پەننىڭ نەزەرىيەسى شۇ پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشى ئۈچۈن بىلسىمۇ، بىلمىسىمۇ بولىدىغان ئابستراكت گەپ تىزمىسى ئەمەس، ئۇ ئىلمىي بىلىش شەكلى. «نەزەرىيە ـ ئەمەلىي ماھارەت ۋە مېتودقا نىسبەتەن ئېيتىلىدىغان، مەلۇم بىر پەننىڭ ياكى سەنئەتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى، بىلىملەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلمىي تونۇش، مەلۇم بىر ئوبيېكتنى تەھلىل قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر يىغىندىسى.» ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا نەزەرىيە ـ مۇئەييەن بىلىم ساھەسىدىكى ئۇقۇم ۋە پرىنسىپلار سىستېمىسى. ئۇنىڭدىكى ئۇقۇم ۋە پرىنسىپلارنى توغرا بىلمەسلىك شۇ پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشى ئۈچۈن ئېچىنارلىق ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى بىلەن تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان خاتالىق. بۇ بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئاجىز ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تىپىك مىسال. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «مەلۇمكى، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال، يەنە بىرى، يازما تارىخىي ماتېرىيال»دېگەن بايانىدا تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى خاتا ھالدا تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ قويۇلغان. يامان يېرى، ئاپتور بۇ بايانىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندا باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۆزى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ ھەتتا خاتا بىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە بايان قىلىنغان بۇ ناتوغرا ساۋات تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيەسىگە پۈتۈنلەي مۇخالىپ كېلىدۇ. تەيۋەنلىك پروفېسسور دۇ ۋېيۈن (杜维运)نىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «تارىخشۇناسلىق مېتودولوگىيەسى» (史学方法论) ناملىق كىتابىدا؛ پاڭ جوخېڭ، لى شۆجى، ۋۇ يىڭلارنىڭ ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «تارىخشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا؛ جاۋ جىخۇي قاتارلىق ئون نەچچە كىشى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1993 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىخشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابتا بىردەك ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن يازما تارىخىي ماتېرىيال تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى ئىچىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتابلاردا تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدا «تارىخشۇناسلىق گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەنلەرگە مەنسۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ ۋە ھەر قايسى مەزگىلدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ھايات، ئىدىيەۋى مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكا قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە قانۇنىيىتىنى؛ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ جەريانى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ» دەپ شەرھلەنگەن. تارىخشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنى ئونتولوگىيە (本体论)، مېتودولوگىيە (方法论) ۋە بىلىش نەزەرىيەسى (认识论) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتابلاردا ئاپتورلار يەنە تارىخشۇناسلىقنىڭ مېتودى ھەققىدە ئىلمىي مېتود بىلەن بەدىئىي مېتودنى تەڭ قوللىنىش ھەققىدىكى قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، تارىخشۇناسلىقتىكى تېخنىكىۋى مېتود (技术性方法) بىلەن يېتەكچىۋى مېتود (导向性方法) تىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق مېتودنى بايان قىلىپ، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى (ئىسپاتلاش ئۇسۇلىمۇ دېيىلىدۇ) نى تېخنىكىۋى مېتود كاتېگورىيەسىدە چۈشەندۈرگەن. بۇ كىتابلاردا تېخنىكىۋى مېتود تەتقىقاتچىنىڭ «پاكىتلارنى بېكىتىش»ىگە ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇل بولسا، يېتەكچىۋى مېتود تەتقىقاتچىنىڭ «پاكىتلارنى شەرھلەش»ىگە ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇل دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتابلارنىڭ تارىخشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيە ۋە پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدا پەرق بولسىمۇ، ئەمما، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن تەتقىقات مېتودى ھەققىدىكى بايانى بىردەكلىككە

ئىگە بولغان. ھەممىسىدە غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى» دەپ كۆرسەتكەن ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن يازما تارىخىي ماتېرىيالنى تېخنىكىۋى مېتودنىڭ ماتېرىيال توپلاش قىسمىدا تىلغا ئالغان.

دېمەك، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بۇ مەسىلىدە پرىنسىپال ئىلمىي خاتالىققا يول قويغان.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە «يالقۇن روزى بۇ ماقالىسىدە باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئەدەپلەيمەن دەپ، ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتكە، ئىلىمگە زىت بىر قاتار قاراشلارنى بازارغا سېلىپ چىققان» دەپ يېزىپ، بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە مېنىڭ ماقالەمدىكى «... 1851-يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يېشىدا، يەنى 1870-يىلى قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەمتى، شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالغا كەلتۈرۈپ باقمىغان» دېگەن بايانلارنى ئۈزۈپ كۆرسەتكەن ھەم ئارقىدىن بۇ مىسالغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن تۈنۈگۈنكى (؟) تارتىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىڭچە بولغان 20 يېشىدا داڭق چىقارغان بىر قاتار شەخسلەرنى ئېسىمىزگە سالغان. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بۇ ئارقىلىق 30 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن «باھاۋۇدۇن باي 20 يېشىدا قەشقەر، غۇلجىدىكى داڭلىق مەدرىسەلەرگە ئانا تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، ھېساب، رەسىم، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنى كىرگۈزگەن» دېگەن كونا قاراشنى ئالغا سۈرمەكچىمۇ ياكى «20 ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ» دېگەن تەنقىدىي تولۇقلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمۇ، بۇ تازا ئېنىق بولماي قالغان. ئەگەر ئالدىدىكى قاراشنى ئالغا سۈرمەكچى بولسا، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالەمنى «يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخشۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرىمەن» دېگەن پىكرى بىلەن زىت بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقەتەن 30 يىلدىن بۇيانقى ماتېرىياللاردا «باھاۋۇدۇن باي مۇسابايېف ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن 1870-يىلى نوپۇزلۇق ئۆلىما

ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ‹بەيتۇللا مەسچىتى› يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان» دەپ يېزىلىپ كەلگەن. مەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە «ئۇسۇلى سەۋتىيە» يەنى يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى بولغان تاۋۇشلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى 1884- يىلى قىرىم يېرىم ئارىلىدا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئانا دىيارىمىزدا تۇنجى بولۇپ 1889-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىكساقتا بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى سىناق قىلغان مەكتەپ بارلىققا كەلگەن دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. مەن تارىخىي پاكىت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ يەكۈن باھاۋۇدۇن بايغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىلچىمۇ پاكىت ئاساسى يوق قاراشنى پۈتۈنلەي يالغانغا چىقىرىدىغان يېڭى يەكۈن ئىدى. مېنىڭ يەكۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئاپتورنىڭ يالغان - ياۋىداق قاراش ئىچىدىكى مەسىلىنى مۇنازىرە تېمىسى قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىشى مەنتىقىگە سىغمايدۇ.

ئەگەر 1870-يىللاردا مەيلى قەشقەردە مەيلى غۇلجىدا بولسۇن، راستتىنلا مەدرىسەلەردە تارىخ، ھېساب. جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر مەخسۇس دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىغان بولسا، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شەرقىي ئاسىيا بويىچىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭى قەدەمنى تاشلىغان مىللەت بولاتتۇق. باھاۋۇدۇن باي بىلەن ناسىر ئەئلەم ئاخۇنۇم دۇنياۋى ئىسلاھاتچىلار سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان بولاتتى. ئەمما، 30 يىلدىن بېرى تۈرلۈك كىتاب - ژۇرناللاردا ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ بايانلار پۈتۈنلەي يالغان! كىملەرنىڭدۇر تارىخنىڭ چىنلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تارىخقا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالماسلىقى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، رېئال مەنپەئەت ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، روھىيىتىنىڭ تولىمۇ زەئىپلىكىدىندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يالغان تارىخ ياساش ھەم ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ يۈرۈشمۇ ئەمەلىيەتكە ھەم ئىلىمگە خىلاپ بىچارە قىلمىشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاجىز كىشىلەر تارىخقا ۋە رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «20 ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ» دېگەن كېيىنكى پىكرىنى تەنقىدىي تولۇقلىما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى

بولسا، بۇ ئارتۇقچە ھەم ئورۇنسىز تەنقىد ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور مەن ماقالەمدە دېمىگەن، ئەمما ئۆزى ئەتەي شاخلىتىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئورۇنسىز مەسىلىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا، دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ، چەت ئەللەردىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا 20 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلىپ، ھەممىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرغانلىقى، ھەتتا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغانلىقى تالاي قېتىم بولغان» دەپ يېزىپ تۇنيۇقۇق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈشى، كىچىك بالىغا گەپ ئۆگەتكەندەك، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ساۋات سۆزلىگەندەك ئىش بولۇپ قالغان. باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ھەر قانداق ئادەم ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات- سەنئەت، ئىقتىساد، ھەم ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە 20 ياشلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى تەۋرەتكەنلىكىگە ئائىت مىساللارنى بىلىدۇ. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مېنىڭ بايانلىرىمنىڭ ئۇرانىنى بۇرمىلاپ «20 ياشلىق بالا چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ» دەپ سوئال قويۇپ تۇرۇۋالغان. مېنىڭ ماقالەمدە ھەرگىز بۇنداق گەپ يوق. مەن ماقالەمدە باھاۋۇدۇن بايغا ئالاقىدار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يالغان - ياۋىداق بايانلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «ھېچكىممۇ باھاۋۇدۇن باي 1870- يىللىرىدىكى جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىدە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەدرىسىسىگە غەربنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزەلىشى مۇمكىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى قانداق ئىدى؟ شىنجاڭدا مەدرىسەلەرگە كىرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ غەربنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈدەك ئىختىساسلىق كىشى بارمىتى؟ دەپ ئويلاپ باقمىغان. ئەقەللىيسى، 1851- يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يېشىدا، يەنى 1870-يىلىدا قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەمتى؟ شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ يازغانىدىم. مېنىڭ بايانلىرىمدا تەكىتلەنگەن مۇھىم مەسىلە ئىلمىي نوپۇز مەسىلىسىدۇر. باھاۋۇدۇن باي باينىڭ بالىسى بولغان بىلەن ئۇنىڭدا ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكۈدەك ئىلمىي نوپۇز يوق ئىدى. مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كەلسە ھاكىمىيەتنىڭ كۈچى ۋە يۇكسەك ئىلمىي نوپۇزنىڭ كۈچى بىلەنلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش مۇمكىن. مەيلى باي، مەيلى بەگ بولسۇن ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ. مەن مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ باينىڭ بالىسى بولغان 20 ياشلاردىكى باھاۋۇدۇن بايغا سىڭدۈرۈلمىغان «ئابدۇقادىر سېلىشتۇرما بولسۇن ئۈچۈن ماقالەمدە «ئابدۇقادىر داموللامدەك نوپۇزلۇق ئۆلىمانىڭ 1910- يىللاردىن كېيىنمۇ جەدىتچىلىكنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمىيچىلەرگە تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى» ئېنىق ئەسلىتىپ ئۆتكەنىدىم، بۇ ئارقىلىق مەدرىسەلەرنىڭ دەرس قۇرۇلمىسىنى ۋە دەرس مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، باھاۋۇدۇن بايدەك ئىلمىي نوپۇزى يوق بىر ياش بالىنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىشنىڭ كېلىشى ئەمەلىيەتكە ۋە ئەقىلگە قەتئىي سىغمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. گەپ باشتىن - ئاخىر ئىلمىي نوپۇز توغرىسىدا كېتىۋاتسا «20 ياشلىق بالا چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ» دەپ ئۇقۇمنى كېڭەيتىپ، قاراتمىلىقنى ئۆزگەرتىپ، تېمىدىن چەتنەپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ مۇنازىرىنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتسە، بۇ مۇنازىرە قىلغۇچىنىڭ مۇنازىرە مەقسىتى ناتوغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭ مۇنازىرە ئىستىلى گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەن «باھاۋۇدۇن باي 1870-يىلى غۇلجا، قەشقەردىكى مەدرىسەلەرگە زامانىۋى دەرسلەرنى كىرگۈزگەن» دېگەن قاراشنىڭ پەقەتلا ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەنتىقىي يەكۈن ۋە تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئاساسەن شۇنداق ئېيتىمەنكى، باھاۋۇدۇن باي 1870-يىلى تېخى تۇغۇلمىغان ياكى تۇغۇلغان بولسىمۇ، گۆدەك بالا ئىدى. مەنتىقە بويىچە پىكىر يۈرگۈزسەك، بۇ قاراشنىڭ تولۇق ئاساسى بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

مەن ھازىرغىچە مۇساپىلار جەمئىيىتىگە ئالاقىدار ماقالىلىرىمدە بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالمىغانىدىم. بەلكىم مېنىڭ بۇ يېڭى قارىشىمدىن باشقىلار ھەيرانلىق ھېس قىلىشى ھەم «نېمىشقا ‹ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان› دېگەن ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدىڭ؟»دەپ كايىشى مۇمكىن. مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالەمدە تۇزەتكەن مۇھىم مەسىلە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ قاچان ھەم قانداق باشلانغانلىقى مەسىلىسىدۇر. مەن بۇنداق نازۇك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا




قويۇۋاتقان شارائىتتا دىققەتنى چېچىپ يەنە باشقا مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۈزىتىش پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويسام تازا مۇۋاپىق بولمايتتى، شۇڭا بۇ قېتىم بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر دەپ قارىدىم. چۈنكى، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بىلەن بولۇۋاتقان بۇ مۇنازىرە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەقەززا قىلدى.

ئۇنداقتا، باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 20 يىللار كەينىگە سۈرۈپ 1870 ـ يىلىنىڭ ئالدى ياكى كەينى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا قانداق پاكىت ئاساسىم بار؟ ھەممىگە مەلۇمكى، ھۇسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان يىلى مەتبۇئاتلاردا ھازىرغىچە بىردەك ھۇسەن باي «1884 ـ يىلى»، باھاۋۇدۇن باي «1851 ـ يىلى» دەپ ئېلىنىپ كەلمەكتە. ھازىرغىچە ھېچكىم بۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ باقمىدى ھەم ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ باقمىدى. ئەلۋەتتە، ھېچقانداق تارىخىي مەنبەدە ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان يىلىغا ئالاقىدار ئۇچۇر يوق. شۇڭا، مانا بۇ پاكىت دەپ كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. لېكىن مەسىلىنى ئىسپاتلاشنىڭ يولى پەقەت بىرلا بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەسىلىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاشقا تامامەن بولىدۇ. ھۇسەن باينىڭ تۈركىيەدە ۋاپات بولغان «تۇنجى» بالىسى سابىت مۇسابايېفنىڭ ئىستانبۇلدىكى قەبرىسىدە تۇغۇلغان ۋاقتى 1899 ـ يىلى، ۋاپات بولغان ۋاقتى 1971 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دەپ يېزىلغان. دېمەك، سابىت مۇسابايېف 1899 ـ يىلى تۇغۇلغان. ھۇسەن باي بۇ چوڭ بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئىنىسى باھاۋۇدۇن باينىڭ 1897 ـ يىلى تۇغۇلغان ئىككىنچى پەرزەنتى پاتىگۈل خېنىمنى ئېلىپ بەرگەن. دېمەك، ھۇسەن باي 1844 ـ يىلى تۇغۇلغان بولسا، چوڭ ئوغلى سابىتنى 55 ياشقا كىرگەندە تاپقان بولىدۇ. باھاۋۇدۇن بايمۇ قىزى پاتىگۈل خېنىمنى 50 ياشقا يېقىنلاشقاندا تاپقان بولىدۇ. مانا بۇ بىزدە گۇمان پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەب. ئەجەبا ئۇلارنىڭ ئۆيلەنگۈدەك پۇلى بولمىغانمۇ، ياكى تىجارەت بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيلىنىشكە ۋاقتى يەتمىگەنمۇ، ۋەياكى بۈگۈنكى زاماندا تەكىتلىنىۋاتقان كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش تەشۋىقاتىغا بىر ئەسىر ئىلگىرى ئاۋاز قوشۇپ، بۇ جەھەتتە بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە تىكلىمەكچى بولغانمۇ؟ مېنىڭچە سەۋەب ئىنتايىن ئاددىي، بىزنىڭ بىر قىسىم يىلنامە ئېنىق يوق ئەسلىمىچىلىرىمىز، مەلۇماتى تۆۋەن تەزكىرىچىلىرىمىز ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەرقلەندۈرۈشكە سەل قارايدىغان تەتقىقاتچىلىرىمىز ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئۆزلىرىنىڭ خىيالى بويىچە بېكىتكەن ھەم قارىغۇلارچە قوللانغان، خالاس. نەتىجىدە تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە ئاز بولمىغان قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلگەن. مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە، ھۇسەن باي 1865 ـ يىلىدىن كېيىن، باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىلىنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە تۇغۇلغان. مەن 2009 ـ يىلى ئەتىيازدا غۇلجىدا ھۇسەن باينىڭ 80 نەچچە ياشلىق كېلىنى دىلئارام ئاپپاينىڭ ئۆيىدە سۆھبەتتە بولغانىدىم. دىلئارام ئاپپاي ئادەتتىكى گېزىت خېتىنى كۆزئەينەك تاقىماي كۆرەلەيدىغان، خاتىرىسى كۈچلۈك، گەپ ـ سۆزى دۇرۇس، ئوقۇمۇشلۇق موماي ئىكەن. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە دىلئارام ئاپپاينىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە ھۇسەن باي «ھاجى ئاپا» دېگەن تۇنجى ئايالى بىلەن توي قىلىپ 10 يىللارغىچە بىر نەچچە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ھەممىسى چاچراپ كەتكەن. بىر ئوغلى ھەتتا يەتتە ياشقا كىرگەندە، روزا ئېيىدا، قىزىلگۈل ئېچىلغان مەزگىلدە ھۇسەن باي جەمەتىنىڭ غۇلجىدىكى «باغ قورۇ»دەپ ئاتىلىدىغان قورۇسىدا ئېرىققا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. ھۇسەن باي بۇ تۇنجى ئايالىدىن كۆرگەن پەرزەنتلىرى ئۆلۈپ كېتىۋەرگەچكە، كېيىن يەتتەسۇ رايونىدىن ئىككىنچى خوتۇنىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن 1899 ـ يىلى سابىتنى تاپقان ئىكەن. ھۇسەن باينىڭ پەرزەنت داغى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن بىرىنچى ئايالى ئاكىسى بىلەن

بىللە شۇ يىلى ھەجگە بېرىپ كەلـگەن. شـۇنىڭ بىـلەن «ھاجى ئاپا»دەپ ئاتالغان. ئـادەتتە ئـۆرپ ـ ئادىتىمىز بـويىچە ئوغـۇللار 18 يېشىدا نىكاھ يېشىغا يەتكەن بولىدۇ. ھۇسـەن بـاي «ھـاجى ئاپـا» دېگەن تۇنجى ئـايالى بىلەن 1890 ـ يىلـدىن ئىلگـىرى تـوي قىلغـان ھـالەتتە يەنىـلا 20دىـن 25 ياشقىچە بولغـان مەزگىلدە توي قىلغان بولىدۇ. باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىككىنچى قىزى پاتىگۈل خېنىمنىڭ ئېرى سابىتتىن ئىككى ياش چوڭ بولۇشـــىدىكى ســـەۋەب باھـاۋۇدۇن بـايمۇ 20 ــ 25 ياشلىرىدا توي قىلغان بولغاچقا، ئىككىنچى قىزى 1897 ـ يىلى تۇغۇلغان. بىزنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بىر پاكىت باھاۋۇدۇن باينىڭ 1910 ـ يىلى غۇلجىدا تارتىلغان سۈرىتى. بۇ سۈرەتنى ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «تـايمس گېزىـتى»نىـڭ بېيجىڭـدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى موررىسون (G. E. MORRISON) 1910 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭغا كەلگەنـدە غۇلجىـدا تارتقان. سۈرەتتىكى باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭ 60 ياشـقا كىـرگەن پېشقەدەم ئەمەس، 40 ياشـلار چامىسىدىكى قىران قامەت ئـادەم ئىكەنلىكـى چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بىر نەچچە تۇرلۇك پاكىت ۋە ئەمەلىيەتـكە ئۇيغـۇن ئەھـۋاللار ھۇسـەن بـاي بىـلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان يىلىنىڭ ماتېرىياللاردا يېزىلىپ كەلگەندەك ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ھۇسەن باي بىلەن باھاۋۇدۇن باينىڭ تۇغۇلغان يىلى ئىلگىرىكىـدىن 20 يىلـچە كەينىـگە سۈرۈلۈپ تارىخـي چىنلىقـا زور دەرىجـدە يېقىنلىـشىدۇ. مانـا مۇشـۇنداق ئەھۋالـدا بىـز يەنە «باھـاۋۇدۇن بـاي 1870 ـ يىلـى مەدرىـسەلەردە يېڭـى دەرسلەرنى يولغـا قويۇشقا تـۆرتكە بولغان» دېيەلەمدۇق؟

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مەن ئوتتۇرىغا قويغان «باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللاردىكى جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىـدە قەشقەردىكى خـانلىق مەدرىسەسى، غۇلجىدىكى بەيتـۇللا مەدرىسەسـىگە غەربنىـڭ پەن ـ مەدەنىـيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزەلىشى مۇمكىنمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى قانداق ئىدى؟ شىنجاڭدا مەدرىسەلەرگە كىرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈدەك ئىختىساسلىق كىشى بارمىدى؟»، خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن تەنتەربىيە، رەسىم دېگەنـدەك دەرسـلەرنى مەدرىـسەلەرگە كىرگۈزگـۈدەك ئىلمـي نوپـۇز «20 ياشـقىمۇ كـىرمىگەن بالىـدا ھازىرلىنـىشى مۇمكىنمـۇ؟» دېـگەن بىـر قاتـار سوئاللىرىمغا لوگىكىغا ئۇيغۇن جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، «20ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ، دېگەن قاراش يالقۇن روزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ئىبـارەت»دېـگەن يـوق گەپـنى تېپـىپ، بىـر مـۇنچە چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىشى ھەم ئاددىي ساۋاتلارنى شېپى كەلتۈرۈپ يۈرگۈزگەن تەنقىدلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ھەم ئارتۇقچە ئىشتۇر.

غەيرەتجـان ئوسـمان ئۇتغـۇر ماقالىـسىدا تەنقىدىـي مۇنازىرە يۈرگۈزگەن يەنە بىر مەسىلە «پىروفېسسورلۇق» مەسىلىسىدۇر. مەن ئۇنىڭ ماقالەمدىكى «پىروفېسسورلۇق سـالاھىيتى بىـلەن ئـالىي مەكتەپنىـڭ مۇنبىرىـدە دەرس ئۆتتۈۋاتقان، بىر قانچە تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى بولغان غەيرەتجـان ئوسـمان ئۇتغـۇر»دېـگەن جۈملىنى «ساغلام ھېسـسىيات بىـلەن ئېيتىلمىغـان»، «ئۇنىڭغـا كىنـايە ئارىلىشىپ قالغان» دەپ چۈشىنىشىنى پىسخىكا جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى دەپ قـارايمەن. مېنىڭ جۈملەمدە كىنايە تۇسى يوق، بەلكى ئېنىق تەنقىد



2009 ـ يىلى غۇلجىدا دىلئارام ئاپپاينىڭ ئۆيىدىكى زىيارەت خاتىرىسى

مەنىسى بار. مېنىڭ سالاھىيىتىنى تىلغا ئېلىپ تەنقىدلىشىمدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئالىي ئۇنۋانلىق تەتقىقاتچى تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ماقالە - ئەسەرلىرىدىكى ئاساسسىز بايانلارنى قىلچە گۇمان قىلماي، ئەقلىي نەزەر بىلەن كۆزەتمەي، راست - يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرمەي نەقىل ئېلىپ ئىشلەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لاياقەتلىك بىر ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ تۈپ ساپا ئىلمىي شۈبھە ھەم ئىدراكىي تەنقىدتىن ئىبارەت. بۇنداق تۈپ ساپانى ھازىرلىمىغان ئادەم لاياقەتلىك ئىلمىي خادىم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ساپا پىروفېسسور ئۇنۋانى بار كىشىلەردە جەزمەن بولۇشى لازىم. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتقۇرنىڭ باشقىنى نەزەردە تۇتمىغاندىمۇ، «رەسىم دەرسى بىلەن تەنتەربىيە دەرسى»نى مەدرىسەلەرگە كىرگۈزۈش ئەينى يىللاردا ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمىغانلىقى مېنىڭ يۇقىرىقىدەك تەنقىدلىشىمگە سەۋەب بولغان، ھېلىمۇ رەسىم سىزىشقا، تەنتەربىيەگە باشقىچە قارايدىغان مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار يوق ئەمەس، مەشھۇر رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھاياتىمدىكى ئۇچمەس سۈرەتلەر»دېگەن بىيوگرافىيەسىدە ئۆزىنىڭ بالىلىق مەزگىلىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر تەپسىلات بار: «دادام قازى بولغاچقا، موللا - ئۆلىمالاردىن يار - بۇرادەرلىرى جىق ئىدى. دادام ئۇلارنى ئارىلاپ ئۆيگە مېھمانغا چاقىرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى دادامنىڭ ئۇلپەتلىرى ھويلىمىزغا كىرىپ تاملارغا سىزىۋەتكەن رەسىملەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى ۋە دادامدىن:

— ئاخۇنۇم، بۇ رەسىملەرنى كىم سىزدى؟ - دەپ سورىدى. دادام:

— مانا مۇشۇ ئوغلۇم سىزدى، — دەپ مېنى كۆرسەتتى. ئۇلار باشلىرىنى چايقىشىپ:

— بۇ بولماپتۇ، زادىلا بولماپتۇ، بۇ بالا بىر بۇددىست بولۇپ يېتىلىپتۇ. ھويلىنى بۇت بىلەن توشتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ بالىغا يول قويۇپ، ناھايىتى خاتا ئىش قىلىپسىلا. بۇ يالغۇز ئوغۇللىرىنى مەدرىسەدە ئوقۇتۇپ، ئۆزلىرىگە ئىز باسار قىلماقلىرى لازىم ئىدى. بۇ ھويلىدا ناماز ئوقۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس ئىكەن، — دەپ غۇدۇراپ كېتىشتى.» (41 - بەت)

غازى ئەھمەد ئەپەندى ھېكايە قىلغان بۇ تەپسىلات 1930 - يىللاردىكى قەشقەردە بولغان. بۇ چاغدا يېڭىچە مائارىپ پۈتكۈل شىنجاڭدا دېگۈدەك يولغا قويۇلۇپ بولغان چاغ ئىدى.



1910 - يىلى 5 - ئايدا موررىسون تارتقان سۈرەت

مۇشۇنداق زاماندا رەسىمگە شۇ قەدەر ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان موللا - ئۆلىمالار 1870 - يىلى خانلىق مەدرىسەنىڭ دەرۋازىسىنى رەسىم ئۆگەتكۈچىگە ئېچىپ بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنى بىز خانلىق مەدرىسەدە ئوتتۇلگىنى رەسىم ئەمەس نەقىش دەرسى دەپ ئۆزگەرتىپ چۈشىنەمدۇق - يا؟

ئىلمىي شۈبھە ھەم ئىدراكىي تەنقىد ئومۇملاشمىغان ئەھۋالدا ئىلىم ساھەسى كەلسە - كەلمەس ماقالە - ئەسەرلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، لېكىن سۈپەتكە توشىدىغىنى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. تەنقىدىي تەپەككۇرغا ئادەتلەنمىگەندە راست - يالغاننى ئايرىغىلى ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق قارار چىقارغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ مائارىپىمىزدا تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىگە سەل قارىلىدىغان بولغاچقا توغرا بىلەن خاتانى، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرۈش، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەھلىل يۈرگۈزۈش، مۇستەقىل قاراش

شەكىللەندۈرۈش جەھەتلەردە زور دەرىجىدە يېتەرسىزلىك مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىمىزدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن ئالىي مەكتەپ مائارىپىمىزدىمۇ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ئالىي مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار ھەم تەنقىد روھى كۈچلۈك ئالىي ئۇنىۋانلىقلار بولغاندىلا ئاندىن ئىلىم مۇھىتى ساغلام بولىدۇ. تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسى ئومۇملاشمىغان ئەھۋالدا ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە بۇنداق يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ھەم لاياقەتلىك ئىستۇدېنتلارنى كۆرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك بالدۇر. تەنقىدىي تەپەككۇر خىسلىتى شەكىللەنمىگەن ئادەمدە جاسارەت ۋە پاراسەت، ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە ئۆتكۈرلۈك يېتىلمىكى تەس. لۇشۈن ئەپەندى شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جۇڭگولۇقلار يازغان كىتابلارنى ئاز ئوقۇيلى، چاتاقچىلاردىن بولايلى»دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن ئىكەن. ئۇ بۇ خىل تەشەببۇسنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تەنقىد روھىنىڭ كەملىكىنى ھەم ھازىرقى شارائىتتا تەنقىدىي روھنى تۇرغۇزۇشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئېيتقان ئىكەن. ئۇ جەمئىيەتتە ھەر قانداق بىر ئىشتا چاتاق تاپىدىغان ئادەملەر بولغاندىلا ئاندىن يېڭىلىق ياراتقىلى، كونىدىن ـ كونىگە راۋاج تاپقىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن. مەشھۇر ئەدەبىيات ئوبزورچىسى بېلىنسكىي «ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنىڭ سىرى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە غىزا ـ تائاملىرىدا ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنى چۈشىنىشتىكى نەزىرى ۋە ئۇسۇلىدا» دەپ ئېيتقان. بۇ ھېكمەتلىك سۆزدىمۇ تەنقىدىي تەپەككۇر جەھەتتىكى خاسلىقنىڭ مۇھىملىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ بايانلار بىزگە تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ تەخىرسىز مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئالىي مائارىپ ئىستۇدېنتلاردا تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە كۈنتەرتىپكە كىرگۈزمىسە تەپەككۇر جەھەتتە ئەگىشىش تىپىدىكى، خاراكتېر جەھەتتە قورۇقتىن قورۇق قايىل بولۇش تىپىدىكى ئىستۇدېنتلار تۈركۈملەپ جەمئىيەتكە چىقىۋېرىدۇ. جۇڭگولۇق مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكىدا تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتى تولۇق كۇرس مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق ئۆلچەم بولۇپلا قالماستىن، ئاسپىرانتلارنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلىشتا تەكشۈرىدىغان ئاساسلىق نىشان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، «دۆلىتىمىزدە تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسى ئەمدىلەتىن يولغا قويۇلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە بىزنى ئەنسىرىتىۋاتقىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر قابىلىيىتى» دەپ كۆرسىتىشتى. ئۇلار يەنە «جۇڭگو مەدەنىيىتىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر ئەنئەنىسى كەمچىل، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ساپاسىدا لوگىكا قارىشى يوق، تەنقىدىي تەپەككۇر ئېڭى كەمچىل. تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىنىڭ ئەھمىيىتى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ساپاسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ چۈشەندۈرۈشتى. بىز بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «تەنقىدىي تەپەككۇر دەرسلىكى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1993 ـ يىلى پرىستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «تولۇق كۇرس مائارىپى ئىستراتېگىيەلىك پىلان كومىتېتى» تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا چىقارغان 12 تۈرلۈك ئۆلچەمنى كۆرۈپ باقساق، ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەنقىدىي تەپەككۇر تەربىيەسىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

1. ئېنىق تەپەككۇر، سۆزلەش ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتى بولۇش.

2. تەنقىدىي ۋە سىستېمىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قابىلىيىتى بولۇش.

3. ئۇقۇم شەكىللەندۈرۈش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش قابىلىيىتى بولۇش.

4. مۇستەقىل مۇلاھىزە قىلىش قابىلىيىتى بولۇش.

5. يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك ۋە مۇستەقىل ئىشلەش قابىلىيىتى بولۇش.

6. ھەمكارلىشىش ۋە ئالاقىلىشىش قابىلىيىتى بولۇش.

7. نېمىنىڭ مەلۇم نەرسىنى تەلتۆكۈس چۈشەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى بولۇش.

8. مۇھىم نەرسە بىلەن ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، ئۇزاق مەزگىللىك نەرسە بىلەن قىسقا مەزگىللىك نەرسىنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولۇش.

9. ئوخشاشمايدىغان تەپەككۇر شەكىللىرىگە پىششىق بولۇش (مىقدار، تارىخ، پەن، ئەخلاق، ئېستېتىكا).

10. مەلۇم ساھەدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولۇش.

11. ئوخشاشمايدىغان پەن، ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ باغلىنىشلىق تەرەپلىرىنى كۆزىتىش قابىلىيىتى بولۇش.

12. ئۆمۈرۋايەت ئىزدىنىپ ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولۇش.

بۇ 12 ئۆلچەم ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن بىر ئادەمدە بولۇشى كېرەك بولغان تەلەپلەردۇر. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئۇچىنى ئىككىسگە تەنقىدىي تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك تەلەپ سىڭگەن. شۈبھىسىزكى، تەنقىدىي تەپەككۇر بىزنىڭ قېتىپ كەتكەن تەپەككۇر تۈپرىقىمىزنى يۇمشىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. قاتمال تەپەككۇر سىستېمىمىزنى جانلاندۇرىدۇ. تەپەككۇر بوشلۇقىمىزنىڭ ماسلىششچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. تەنقىدىي تەپەككۇر بىزنىڭ تەپەككۇر تۈپرىقىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى، تەپەككۇر بوشلۇقىمىزنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەپەككۇر سىستېمىمىزنىڭ ئەلالىششىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ ئېنىق، راۋان، تەرتىپلىك ۋە جانلىق بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنىڭ قاراشلىرىمىزنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق توغرا قارارلارنى چىقىرىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇردا پىروفېسسورلاردا بولۇشى زۆرۈر بولغان تەنقىد روھى يېتەرلىك بولغان بولسا، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغان قاراش ياكى نەقىل قىلىنغان ئۇچۇرلارنى «ئىشەنچلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ـ ئەمەسمۇ، دەپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقمايلا» قارىقويۇق قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. بۇ قاراش ياكى ئۇچۇرلار قانچىلىك كۆپ كىتاب ـ ژۇرناللاردا قوللىنىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىلمىي شۈبھە ۋە ئىدراكىي تەنقىدنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولاتتى. پىروفېسسورلارغا خاس تەنقىد روھى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۆزى ئىشلەتكەن نەقىلدىن چاتاق چىققاندا «بۇ مەزمۇنلار مېنىڭ كەشپىياتىم ئەمەس»، «ئۆزۈم قوشۇۋالغان بىرمۇ جۈملە يوق»، «شۇڭا بۇ مەسىلىدە مېنى تەنقىد ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋېلىش بىر تەرەپلىملىك بولىدۇ ۋە ماڭا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان بولاتتى.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە كۆپرەك كايىپ تەنقىد يۇرگۈزگەن يەنە بىر مەسىلە يۇقىرىدا ئېيتقاندەك پىروفېسسورلۇق مەسىلىسى بولغاچقا، ئاپتور مېنى «مەلۇمكى، يالقۇن روزى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پىروفېسسورلۇقنى مەنستەمەيدىغانلارنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە يۈگۈرۈپ يۇرۇۋاتقانلارنىڭ بىرى» دەپ ئەيىبلىگەن. ئاپتورنىڭ بۇ جۈملىسى ئىلمىي تەنقىد تىلى بىلەن ئەمەس تاپا ـ تەنە تىلى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان جۈملە بولۇپ، بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى «پىروفېسسورلۇق يالقۇن روزى كىنايە قىلىپ يۈرىدىغان ھەم ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس» دېگەن تولۇقلىما تەنقىدى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاندىن ئۇنىڭ پىروفېسسورلۇق توغرۇلۇق ئۇنداق ـ مۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ، دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

پىروفېسسورلۇق بىر تۈرلۈك كەسپىي ئۇنۋان (غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئېيتقاندەك ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس). مەن پىروفېسسورلۇق بىلەن پىروفېسسورلارنىڭ پەرقلىق ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ھازىرغىچە يازغان ماقالە ـ ئەسەرلىرىمدە پىروفېسسورلۇق توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ قىلمىدىم. ئەمما پىروفېسسورلار توغرۇلۇق ئانچە ـ مۇنچە تەنقىدىي مۇلاھىزىلەرنى قىلدىم. بۇ خۇددى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ھەممە ئادەم شەرەپلىك خىزمەت دەپ بىلسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدا ئەركىن باھا، تەنقىد، تەكلىپلەرنى بەرگەندەك بىر ئىش. غەيرەتجان ئوسمان پىروفېسسورلۇق دېگەن ئۇقۇم بىلە پىروفېسسور دېگەن ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلمە قوللاندىمۇ، ياكى ئەتەي گەپنى كونكرېت شەخستىن ئابستراكت كەسپكە يۆتكەپ بارلىق پىروفېسسورلارنى غەزەپلەندۈرۈپ، مېنى پىروفېسسورلارنىڭ غەزەپ «تاشقىنى»دا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئارزۇ قىلدىمۇ بىلەلمىدىم. مېنىڭچە، ئوقۇتقۇچىلارنى تەنقىدلىگەنلىك ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىنكار قىلغانلىققا تەڭ دەپ چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. پىروفېسسورلار توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر قىلىشنى پىروفېسسورلۇق كەسپىنى مەنستىمىگەنلىك دەپ قارايدىغان ساددا ئادەم ھەم بولمىسا كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم، جۇڭگودا ئۇنۋان تۈزۈمى ئەسلىگە كېلىپ، ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانغا 30 يىللار بولدى. بۇ 30 يىلدىن بۇيان ھەر قايسى پەن ۋە كەسپلەردە مىليونلىغان ئالىي ئۇنۋانلىقلار بارلىققا كەلدى. دېمەك، 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ئالىي ئۇنۋانلىق پىروفېسسور ۋە دوكتورلار قاتلىمى كۆلەملىشىپ ئاللىبۇرۇن جەمئىيەتتىكى بىر مۇھىم ئىجتىمائىي توپ بولۇپ شەكىللەندى. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى، بۇرچ ـ مەسئۇلىيىتى توغرۇلۇق تەكشۈرۈش، تەتقىقات ۋە تەنقىد ئېلىپ بارىدىغان زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدى. خۇددى «بىزگە قانداق ئوقۇتقۇچىلار كېرەك»، «بىزگە قانداق لىدىرلار كېرەك»، «بىزگە قانداق ئەدىبلەر كېرەك»، «بىزگە قانداق

ئارتسلار كېرەك»دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندەك «بىزگە قانداق پىروفېسسورلار كېرەك»، «بىزگە قانداق دوكتورلار كېرەك» دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە تامامەن بولىدۇ. پىروفېسسور ياكى دوكتورلار تېمىسى تەنقىد ـ مۇلاھىزە قىلىش چەكلەنگەن تېما ئەمەس. ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش ۋە ماختىنىشنى ئىستەشتەك پسىخىكىلىق كېسەللىككە دۇچار بولغان ئاجىز ئادەملەردىن باشقا جەمئىيەتتە مەلۇم بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىقات ۋە تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۆزىگە مەپتۇن بولۇش ۋە ماختىنىشنى ئىستەش پسىخىكىسى كۈچلۈك، زىيادە شۆھرەتپەرەس ھەم ئۆزىگە ئىشەنچىسى كەمچىل ئادەملەرلا تۇرمۇشتا تەبرىك گۈللىرىگە، چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرىغا بەكمۇ تەشنا بولغان ھالدا ياشايدۇ. ئۇنداقلار ئۆزى ھەققىدىكى ئاشۇرۇپ ـ ئۇچۇرۇۋېتىلگەن مەدھىيە سۆزلىرىدىنمۇ قىزارماستىن، شادلىنىپ كېرىلىپ كېتىدۇ. «ئەخمەقنىڭ دورىسى ماختاش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى بىلىۋالغان ياغلىما ئېغىز، ياخشىچاق جان باقتىلار ئۇنداقلارنى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ كولدۇرلىتىپ يۈرۈۋېرىدۇ. «داڭلىق جامائەت ئەربابى»، «ئالاھىدە تالانتلىق ئەدىب»، «يېتۈك ئالىم»، «ئەل سۆيگەن سەنئەتكار» دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غازاڭدەك ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىر ـ بىرىنى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى سۈپەت ئېڭى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت روھى ئومۇملاشمىغان «ياخشىچاقلار جەمئىيىتى» تولىمۇ زەئىپ جەمئىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى سۈپەت ئېڭى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت روھى ئومۇملاشقان «تەلەپچانلار جەمئىيىتى» ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ساغلام جەمئىيەتتۇر. بۇنداق جەمئىيەتتە ھېچ كىمنىڭ ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىشىغا بولمايدۇ. «تەلەپچانلار جەمئىيىتى» دە «پىروفېسسورلۇق ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس» دېگەندەك ساغلام بولمىغان گەپلەر ئارقىلىق پىروفېسسورلارنى شەرتسىز چوڭ كۆرۈش، شەرتسىز ئۇلۇغلاش تەلەپ قىلىنسا كۈلكىلىك ئەھۋال بولۇپ قالىدۇ. پىروفېسسور ۋە دوكتورلارنىڭ ئۆزلىرىنى «بۇ ئۇنۋان ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگەن»دەپ قاراپ بيۇروكرات ئەمەلدارەدەك خىياللاردا بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەخمەقلىق دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، پىروفېسسور ۋە دوكتورلار ھەرگىزمۇ تەلەپ قويۇلۇش، تەنقىد قىلىنىش كەچۈرۈم قىلىنغان ئالاھىدە توپ ئەمەس.

ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ئادىل، توغرا تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى. پىروفېسسور ۋە دوكتورلار ئالىي ئۇنۋانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تەلەپ ۋە تەنقىدتىن مۇستەسنا دەپ قارالسا، ئۇلارغا ئىدراكىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىنمىسا، تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتتە «ئۇنۋان خۇراپاتلىقى» ئۇلغىيىپ، ئالىي ئۇنۋانلىقلارغا قارىغۇلارچە باش ئۇرۇش پسىخىكىسى كۆرۈلىدۇ. ئۇلارغا يۇقىرى تەلەپ، ئەستايىدىل پوزىتسىيە، ئىدراكىي نەزەر بىلەن قارىماستىن «پىروفېسسورلار ئالىي مەكتەپنىڭ گۈلى» دەپ قارىغۇلارچە ماختىسا پىروفېسسورلۇقنى يۇقىرى شەرەپ ھەم يۇقىرى مەسئۇلىيەت دەپ بىلىدىغان پىروفېسسورلار بىلەن پىروفېسسورلۇقنى تاج قىلىپ بېشىغا قوندۇرۇۋېلىپ، تاجىغا تۇشلۇق تىرىشچانلىق، تاجىغا تۇشلۇق تەلەپچانلىق، تاجىغا تۇشلۇق «تۇخۇم»، تاجىغا تۇشلۇق ساپا، تاجىغا تۇشلۇق ئىلمىي روھ، تاجىغا تۇشلۇق مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى يوق، پەقەت تاجىغا تۇشلۇق تەمىنات بىلەنلا قانائەتلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان «لوڭقىسمان پىروفېسسور»لار ئارىلىشىپ كېتىدۇ. پىروفېسسورلۇق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى قانداق مۇشكۈلچىلىكلەرنى يېڭىپ، قانداق قاتتىق تەلەپلەرنى ئادا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، تەلەپ ۋە تەنقىدتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. تەلەپ ۋە تەنقىدتىن مۇستەسنا ئەمەلدارمۇ، پۇلدارمۇ، پىروفېسسورمۇ، دوكتورمۇ، دوختۇرمۇ ئوخشاشلا چىرىكلىشىدۇ. تەلەپ ۋە تەنقىد ئېڭى يوق كىشىلەرلا پىروفېسسور ياكى دوكتورلارنى شەرتسىز ئۇلۇغلايدۇ. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «پىروفېسسورلار ئالىي مەكتەپنىڭ گۈلى» دېگەن تەرىپى پەقەت شائىرانە سۆپەتلەش بولۇپ، ئۇلارغا ھېسسىي نەزەر بىلەن مەپتۇن بولۇپ قارىغانلىقتۇر. مېنىڭچە پىروفېسسورلارنى بۇنداق ھېسسىي نەزەر بىلەنلا ئۇلۇغلاش، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى سۈپەت ئېڭى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت روھى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىدراكىي باھا بېرىشتىن تولىمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. بىز ئىدراكىي باھانى ھېسسىي باھادىن ئۈستۈن كۆرىدىغان تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرمىسەك، چىرايلىق گەپ ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈۋېرىمىز. گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ نىچشى «كىشىنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەر قانداق نەرسىنى مەدھىيەلەڭلار!» دەپ ئېيتقان. شەيئىلەرگە قەتئىي، ئەستايىدىل، ئىدراكىي، جىددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش، «ھاياتتا ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەندەك كىشىنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان قىممەت قارىشىنى دەستۇر قىلىپ ياشاشتىن مىڭ ئەلا!

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئۆزىنىڭ پىروفېسسورلارنى قارىقويۇق ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى بىلەن، مەن «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى» ناملىق ماقالەمدە نەقىل كەلتۈرگەن، ياپونلارنىڭ «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن سۆزىنى «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرغان»، «مەنبە ئاساسى بولمىغان بىر خىل قاراش»دەپ ئەيىبلىگەن.

«مەنبە ئاساسى يوق» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ قاراشنىڭ مەنبە ئاساسى يوق ئەمەس. بۇ سۆز «ئوكسفورد ھېكمەتلىرى»دېگەن ئەقلىيە سۆزلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان، ئۇنداقتا مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ماقالەمدە ئىشلەتكەندە مەنبەنى ئەسكەرتمىدىم دېگەندە، مېنىڭ «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى» ناملىق ماقالەم ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ئەمەس، بەلكى پوبلىستىك ماقالە. مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان»، «20 ـ ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى» دېگەن ماقالىلىرىم ئىلمىي ماقالە بولغاچقا قوللىنىلغان ھەر بىر نەقىلنىڭ مەنبە ئاساسىنى ئېنىق كۆرسەتكەندىم. «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى» دېگەن ماقالەم پوبلىستىك ماقالە. پوبلىستىك ماقالىلەرگە ئىلمىي ماقالىلەردەك مەنبە ئاساسىنى بىرمۇ بىر ئېنىق كۆرسىتىش تەلەپ قويۇلمايدىغان بولغاچقا كۆرسەتمىگەن ئىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم ئىلمىي ماقالە بىلەن پوبلىستىك ماقالە يېزىپ قالسام پەرقلىق مۇئامىلە قىلىمەن. چۈنكى، پوبلىستىك ماقالىگە ئىلمىي ماقالىگە قويۇلىدىغان قاتتىق تەلەپ قويۇلمايدۇ. پوبلىستىك ماقالە ئەركىن ئۇسلۇبتا يېزىلىدۇ. ئىلمىي ماقالە چوقۇم قېلىپلاشقان رامكا ئىچىدە يېزىلىدۇ. بۇ ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان تەلەپ.

«ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرغان» دېگەن گەپكە كەلسەك. مېنىڭچە بۇ، جانلىق ئىدىيەسى يوق، قاتمال پىكىر قىلىدىغان كىشىلەرگە خاس تەپەككۇر. «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن بۇ قاراش كىشىلەرنى زەھەرلەيدىغان قاراش ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرگە بولغان چۈشىنىشنى موللاشتۇرىدىغان قاراش. بۇ قاراشنى ئەلۋەتتە مۇتلەق توغرا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا نىسپىي ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ ياكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مائارىپ ئىدىيەسىنى يېڭىلىۋەتكەن پىراگما ـ تىزىملىق مائارىپشۇناس جون دېۋېي(John Dewey) غا ئوخشاش مۇتەپەككۇر پىروفېسسورلارمۇ بولىدۇ، مىڭلىغان پىروفېسسورلارنى باش كۆتۈرگۈزمەي ئىشلىتىدىغان بىل گايتىسقا ئوخشاش كارخانىچىلارمۇ بولىدۇ. بىز ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە، پەرقلىق قاراشلاردىن چۆچۈپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىدىيە، بىزنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئاپەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىرەر يېڭى ئىدىيە، بىرەر يېڭى قاراشنى «كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ»، «ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرىدۇ» دەپ يەڭگىللىك بىلەن ئەيىبلەش ياكى «ئۇنىڭغا باھا بېرىش ھاجەتسىز» دەپ يۈزە ھالدا ئىنكار قىلىش ئىدىيە قاتماللىقى ھەم تەپەككۇر نامراتلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىللە، ئادەمنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى بوغۇپ قويىدۇ. «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن قاراش ھەمۇرىي بۇيرۇقمۇ ئەمەس، ئىلاھىي پەرمانمۇ ئەمەس، پەقەت شەيئىلەر ھەققىدىكى ئۆزگىچە بىر خىل تونۇش. ئۇ جەمئىيەتكە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغان ئەخلاقتا، ئېتىقادتا، قانۇنغا خىلاپ خەتەرلىك قاراشمۇ ئەمەس. بىز مۇشۇنچىلىك دەرىجىدىكى ئۆزگىچە قاراشلارغىمۇ بىمالال مۇئامىلە قىلالمىساق، بارغانسېرى قاتمال ئىدىيەنىڭ تار قەپىسى ئىچىگە قامىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆكنى قۇچقان ئەركىن پەرۋازىغا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇۋېرىشتىن قۇتۇلالمايمىز. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھازىر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىقتىسادتا ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشا ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ۋە ئىدىيەدىمۇ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتۇر. تەپەككۇردا، ئىدىيەدە ھاللىق سەۋىيەگە يەتمىگەن ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاللىق سەۋىيەگە يەتسىمۇ، يەنىلا «پۇلى بار نامرات» ئاتىلىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ھەر ـ ھەر بايلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشتىكى مەقسىتى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ باقساق، ھەممىسى دېگۈدەك «بالىلىرىمىزغا مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن»دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق قاراش نادان پومېشچىكنىڭ قارىشىدۇر. پۇل تاپقاندىن كېيىن پۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىش شۇ ئادەمنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىگە باغلىق.

يېڭى ئىدىيەدىن ئۈركۈش، ئۆزگىچە قاراشتىن قېچىش بىزنى بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان خەتەرلىك روھىي ھالەت. 20 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيەلىك مۇتەپەككۇر فرىدرىخ ئاۋگۇست خايېك (F. A. Hayek) «قۇللۇققا تۇتاشقان يول »ناملىق كاتتا ئەسىرىدە «ئىدىيەنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغىنى ــ ئوخشاشمىغان بىلىم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىردۇر. ئىدراكىي ئۆسۈپ يېتىلىش ــ

مۇشۇنداق پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي جەريان»دەپ يازغان. بىز ئوخشاشمىغان بىلىم، ئوخشاشمىغان چۈشەنچە، ئوخشاشمىغان ئىدىيە، ئوخشاشمىغان قاراشلارنى چامىمىزنىڭ يېتىشىچە نىرىگە ئىتتىرسەك، ئاخىرقى ھېسابتا تەپەككۇر مەجرۇھلۇقى، ئىدىيە قاتماللىقى، بىلىم نامراتلىقى بىزنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىمىز بولۇپ قالىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، مەلۇم بىر خىل نۇقتىئىنەزەر، مەلۇم بىر خىل ئىدىيە مەيلى كونىرىسۇن ياكى يېڭىلانسۇن، ياكى ئاغدۇرۇلسۇن، مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ھامان رولى بولىدۇ. شۇڭا، سىناپ بېقىشقا، كۆزىتىپ بېقىشقا، ئاڭلاپ بېقىشقا، تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئادەتلىنىشىمىز لازىم. «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن ئۆزگىچە قاراشقا «جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلىدۇ»، «ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرىدۇ» دەپ زەھەرلىك گازغا، خەتەرلىك ۋىرۇسقا مۇئامىلە قىلغاندەك جىددىي مۇئامىلە قىلىش بىر خىل ئاجىز پىسخىكىلىق ھالەت. بۇنداق ئاجىز ئىجتىمائىي پىسخىكىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم ئومۇملىششىدا ھەرخىل ئىجتىمائىي ئامىللار، تارىخىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، مېنىڭچە ئەڭ مۇھىمى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىمتىھان مائارىپى مۇھىتىدا يېتىلگەن ئىدىيە قاتماللىقى مۇھىم بىر ئامىلدۇر. 1993 ـ يىلدىن ئېتىبارەت جۇڭگونىڭ ئاساس مائارىپ باسقۇچىدا ساپا مائارىپى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئاسارىتى تېخىچە تۈگىگىنى يوق. ئۇنداقتا ئىمتىھان مائارىپى بىلەن ساپا مائارىپى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟ مۇتەخەسسىسلەر بۇ پەرقنى جۇڭگو مائارىپى بىلەن تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى مائارىپىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يەكۈنلىگەن:

بىرىنچى، ئوقۇتۇش مەقسىتى جەھەتتە، بىز بىلىم بېرىشكە ۋە بىلىم ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىمىز. خەق ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، بىز قويۇپ قويۇشقا كۆڭۈل بۆلىمىز، خەق ئىلھاملاندۇرۇشقا، قىزىقتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولى جەھەتتە، بىز سۆزلەش ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىمىز، خەق ئوي ـ پىكرىنى قوزغاشقا، تەتقىقاتقا يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى جەھەتتە، بىز ئەستە تۇتۇش، يادقا ئېلىشنى تەكىتلەيمىز، خەق چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەكىتلەيدۇ.

مانا مۇشۇنداق پەرق تۈپەيلىدىن بىزنىڭ مائارىپىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەقنىڭ مائارىپىدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە مۇنداق ماھىيەتلىك پەرققە ئىگە بولغان: بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىمى مول، ئەمما رامكىدىن چىقالمايدۇ، تەقلىد قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. خەقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭى ئىدىيەسى مول، ئويلىنىش دائىرىسى كەڭ، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەتلىك.

جۇڭگونىڭ مائارىپى بىلەن غەربنىڭ مائارىپى ئوتتۇرىسىدىكى مانا مۇشۇنداق پەرق ۋە ئوخشاشمىغان نەتىجە جۇڭگونىڭ مائارىپ نەزەرىيەچىلىرىنى قاتتىق ئويغا سالغان. ھازىر كۈچەپ يولغا قويۇلۇۋاتقان ساپا مائارىپى بىلەن دەرس ئىسلاھاتى بىر تالاي ئىللەتكە ئىگە، ئۇنۇمى تۆۋەن ئىمتىھان مائارىپىغا خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان. چۈنكى، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور، قوشۇنى ئەڭ كۆپ جۇڭگو مائارىپى قولغا كەلتۈرگەن ئۇنۇم جەھەتتىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولالماي قالغان. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلچەملىك جاۋاب بىلەن چەكلەيدىغان، ئۇلارغا مېخانىك مەشىق قىلدۇرۇشنى، ئۆلۈك كىتابىي بىلىمنى ئىگىلىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغان ئىمتىھان مائارىپى قاتتىق تەنقىد قىلىنغان.

ساپا مائارىپى ۋە دەرس ئىسلاھاتىنى تېزدىن يولغا قويۇشنى تەكىتلىگەن مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى، توغرا ئىدىيە بىلىمدىن مۇھىم، جانلىق ئىدىيە ئۆلۈك بىلىمدىن مۇھىم، ئېچىۋېتىلگەن تەپەككۇر قاتمال تەپەككۇردىن ئۈستۈن، ئەركىن خاراكتېر ئىتائەتچان خاراكتېردىن ئۈستۈن، دەپ قاراشقان. ئىمتىھان مائارىپى شارائىتىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشقا ئېتىبار بېرىپ ئۆگىنىشكە ئېتىبار بەرمىسە، تەييار يەكۈننى يادلىتىشقا ئېتىبار بېرىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە، تەھلىل قىلىشقا ئېتىبار بەرمىسە، بىلىمنى قۇيۇپ قويۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، تۈرلۈك سوئاللارنىڭ قويۇلۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىسە، ئىمتىھان نەتىجىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىسە، چۈشىنىش ئىقتىدارىغىلا ئېتىبار بېرىپ، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىگە ئەھمىيەت بەرمىسە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنىڭ قوزغىلىشىدىن، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى ھازىرلىيالىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ. بۇنداق مائارىپ، بۇنداق ئوقۇتۇش شەكلى كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا

ئۆگىنىدىغان «ئۆگىنىش ماشىنىسى»غا ئايلاندۇرۇپ قويماي قالامدۇ؟ ئەھۋال دەل مۇشۇنداق بولغاچقا «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى يېڭى مائارىپ بورىنى» دەپ سۈپەتلەنگەن دەرس ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى.

دېمەك، بىزنىڭ كۆپلىگەن ئادەملىرىمىزدىكى نەزەرىيە ئەمالىقى، پىكىر بېقىندىلىقى، تەپەككۇر نامراتلىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىغا دەل ئىمتىھان مائارىپى سەۋەبچى. ئىمتىھان مائارىپىنىڭ مەھسۇلى بولغان پىروفېسسور، دوتسېنت، دوكتور، تەتقىقاتچى، ئەدىب، مۇتەخەسسىسلىرىمىزدىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىمتىھان مائارىپى شارائىتىدىكى يېتەرسىزلىك بار. ئوخشاشمىغان ئىدىيەنى قارغاش، ئوخشاشمىغان قاراشقا كەيپىيات بىلەن قارشى تۇرۇش، ئوخشاشمىغان ئىدىيە ياكى قاراشتىكى ئادەمنى سىغدۇرماسلىق، «100 پىروفېسسور تەربىيەلىگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەندەك ئەمەلىيەتكە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن تەرەپلىرى بار ئادەتتىكى قاراشنىمۇ، «جەمئىيەتنى قالايمىقان قىلىدۇ»، «ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرىدۇ» دەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ چۈشىنىش شۇ خىل يېتەرسىزلىكنىڭ تىپىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە مېنى ئەيىبلەپ يەنە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ چىققان، پىروفىسسورلاردىن تەلىم ئالغان يالقۇن روزىنىڭ پىروفېسسورلارنى مەسخىرە قىلىدىغان قىلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەيرىي تەسىر قوزغاپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان ھەم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە يۇرتىدىكى ئىككى دېھقان يىگىتنىڭ ئۆز دادىلىرىنى ئوقۇتقان بىر پېشقەدەم مۇئەللىمنى ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ مېۋە - چېۋىلەرنى ئېلىپ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ دېھقان باللىرىغا قاراپ، دەسلەپ «بۇلار ئەخمەقمۇ نېمە» دېگەن ھاماقەتلەرچە خىيال»دا بولغانلىقىنى، ئاندىن «دەرھال كاللىسىنى سىلكىپ بۇ خىل چاكىنا خىيالدىن ئويغانغان»لىقىنى يازغان. بۇ دېھقان يىگىتلەرنىڭ پەزىلىتىدىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتقا چۆمگەن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر «مەن ئۇرۇمچىدە، مەدەنىي چوڭ شەھەردە، ئالىي بىلىم يۇرتىدا يىگىرمە نەچچە يىل ياشاپ، بۇنداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپ باقمىغانىدىم» دەپ يازغان.

مېنىڭچە ئىككى دېھقان يىگىتنىڭ قىلغان ئادەمگەرچىلىكى ئەلۋەتتە ياخشى ئەخلاق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ بۇ ھەرىكەتتىن زىيادە ھەيران بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كېتىشى ساددىلارچە ھېسسىياتتۇر. پېشقان بىر ئادەم ئادەتتىكى بىر ئەخلاقىي ھەرىكەتتىن ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتمەي، لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ ھەم ئاشۇرۇۋەتمەي نورمال ئىش قاتارىدا ئويلايدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇھەممەت ئابدۇللا ئىسىملىك ناھايىتى زېرەك ھەم سۆزمەن بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولىدىغان. بۇ ئادەم جانلىق پىكىر قىلىدىغان، ئەمەلىيەتچى ئادەم بولۇپ، قىزىق ھەم ئۆزگىچە پىكىرلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇ كىشى بىر قېتىم ئالىي مەكتەپتىكى بىر قىسىم مۇئەللىملەرنىڭ ساددىلىقى، كىچىككىنە ئىشلاردىن خۇشال بولۇپ كېتىدىغان گوللىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ كېلىپ، «يالقۇن ئۇكام، بىزنىڭ بۇ مۇئەللىملەر ئالىي مەكتەپنىڭ مۇنبىرىدە دەرس سۆزلىگەن بىلەن ئارىسىدا كىچىككىنە ئىشلاردىن خۇشال بولۇشۇپ، ئانچىكىم ئىشلاردىن غەم يەپ يۈرىدىغان ساددا، گول مۇئەللىملەر ئاز ئەمەس. ناۋادا مەكتەپ تۇخۇم تارقىتىپ قالسا، 4 — 5 كىلوگىرام تۇخۇمنى كۆتۈرگىنىچە گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۇچرىغان ئادەمگە سورىمىسىمۇ سۆزلەپ ‹تۇخۇم تارقىتىپتىكەن شۇنى ئەكېلىۋاتىمەن › دېيىشىپ بىر - ئىككى كۈن تۇخۇمنىڭ گېپىنى قىلىشىپ يۈرىدۇ» دېگەن ئىدى. مەن ئۆزۈممۇ سۆز - ھەرىكىتىدە زىيادە ساددىلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇنداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى كۆپ كۆرگەن. ئەلۋەتتە، ئىنتايىن ئەقىللىق، خاراكتېرى كۈچلۈك، نەزىرى ئۈستۈن، سۈپەت - ساپاسى كىشىدە تەبىئىي ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆپ كۆرگەن.

مېنىڭچە پېشقان بىر مۇئەللىم سۆيۈنۈشكە توغرا كەلسە ئۆزۈم كۆتۈرۈپ يوقلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىسىدىن ئەمەس، مۇستەقىل پىكىر قىلىش جاسارىتىگە ئىگە ئوقۇغۇچىسىدىن سۆيۈنۈشى، ھەيران قېلىشقا توغرا كەلسە قول قوۋۇشتۇرۇپ جىممىدە تۇرىدىغان ئىتائەتمەن ئوقۇغۇچىسىغا ئەمەس، تەنقىدىي روھى بار، ئىلمىي جاسارىتى بار، قەتئىي ئىرادىسى بار ئوقۇغۇچىسىغا ھەيران قېلىشى كېرەك. ھەقىقىي بىر مائارىپچى ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىتائەت ئەخلاقىنى نامايان قىلىشنى كۈتمەيدۇ، بەلكى ئىلمىي جاسارىتىنى نامايان قىلىشنى كۈتىدۇ. مۇئەللىمى ئاغرىپ قالسا ئۈزۈم كۆتۈرۈپ يوقلاپ كېلىدىغان ئوقۇغۇچى كۆپ بولىدۇ. ئەمما يېڭى قاراش، يېڭى چۈشەنچە، يېڭى پىكىر ھاسىل قىلىپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئىلمىي مۇنازىرە قىلىدىغان ئوقۇغۇچى ساناقلىق بولىدۇ. ئاۋۋالقىلار ئاۋامغا خاس قائىدە - يوسۇن، باردى -

كەلدى مۇناسىۋەتلەرنى ئادا قىلىپ ياشاش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئادەتتىكى بەندىلەر بولسا، كېيىنكىسى پىروفېسسورلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان قابىل شاگىرتلار ھېسابلىنىدۇ.

مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق، ئادەمگەرچىلىك قائىدىلىرىنى ئادا قىلىپ ياشاش ئەرزىمەيدۇ، دېمەكچى ئەمەس، ئۇ چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەقەللىي ئىش، لېكىن ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىدىن چاتاق تاپالايدىغان ئوقۇغۇچى بولۇش تېخىمۇ مۇھىم، دېمەكچى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىلدۈرىدىغان ئىتائەتمەنلىكى ئادەتتىكى مەنىدىكى ئەخلاق ھېسابلانسا، شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىدىن چاتاق تېپىش جاسارىتى يۇكسەك مەنىدىكى ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. لۇشۇن ئەپەندىنىڭ شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە «چاتاقچىلاردىن بولايلى»دەپ چاقىرىق قىلىشى دەل مۇشۇ داۋلىغا چۈشىدۇ. ھەقىقىي مائارىپچى ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىشىنى ئەڭ زور خۇشاللىق ئىش دەپ بىلىدۇ. ئادەتتىكى قائىدە - يوسۇن، باردى - كەلدى ئىشلاردا ئىپادىلەنگەن ئەخلاقىي سۆز - ھەرىكەتلەرگە نورمال ئىش قاتارىدا قارايدۇ. ئوقۇغۇچى ياكى شاگىرتلار ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرىگە قارىغۇلارچە باش ئۇرماي، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر جاسارەت. ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزنى ھەقىقەتتىن ئۈستۈن قويۇۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا قەدىمكى گرېك دانىشمەنلىرى «مەن ئۇستازىمنى ھۆرمەت قىلىمەن، لېكىن ھەقىقەتنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزنى مىراس قالدۇرغاندى.

ئادەتتىكى قائىدە - يوسۇنلارنى ئادا قىلىپ ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەپلىك، ئوڭلۇق، مۇلايىم، ئىتائەتمەن كۆرۈنىدىغانلىقى راست. لېكىن ئۇلارنىڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتمىگەن پەزىلىتىگە ئالدىراپ ئاپىرىن ئوقۇماسلىق لازىم. ف.بېكىن «بەخت پەيدا قىلغان پەزىلەت چەكلىك بولىدۇ. بەختسىزلىك پەيدا قىلغان پەزىلەت قەتئىي بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان بىر خىل پەزىلەت» دېگەنىدى. تەبىئىي ياشايدىغان، غەمسىز يۈرىدىغان، يەنى كۆن چىقتى، كۆن پاتتى دەپلا يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسى يوق دېيەرلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئەخلاق - پەزىلىتىمۇ سىناقتىن ئۆتمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنى ئۇنداق ئاق كۆڭۈل، مۇنداق سەممىي دەپ

ماختاش بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدا «بەشىنچى مەسىلە» قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنىڭ 1885 - يىلى ئەمەسلىكىگە «ئىلگىرى مەنمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىغان» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ 2007 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ئىلى ۋە كاشغەرلەردە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردىن بىر قانچىسى قۇرۇلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1907 — 1908 - يىللىرى ئىلىدا مۇساباي جەمەتىنىڭ ئىلكىدە مەكتەپ بولغان. شۇ يىللاردا كاشغەر شەھرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلغان»دەپ ئېھتىيات بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىز ئاپتورنىڭ بۇ مۇجمەل مەلۇماتىدىكى ئېنىقسىز نۇقتىلارغا قارىتا «بىر قانچىسى قۇرۇلغان» دەپسىز، ئاساسىڭىز قېنى؟ «كاشغەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردا دەپسىز» بۇ قايسى يېزىلار؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يېزىلارنىڭ ئىسمى يوق؟ دەپ سوئال قويساق، ئېھتىيات قىلغان ئىدىم، دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغان گەپ. بۇ بىر ئېتىقادقا ياكى قانۇنغا چېتىلىدىغان نازۇك مەسىلە بولمىسا نېمىشقا قورۇقتىن قورۇق ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر؟! ئاپتور بۇ گۇمانلىق قارىشىنى شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىكى بىر تويدا «ئىكساق مائارىپىنىڭ باشلىنىش مەسىلىسىدە گۇمانلىق يەرلەر باردەك تۇرىدۇ، بۇنى قايتا تەكشۈرمىسەك بولمىغۇدەك، ئىلگىرى ھېسسىياتقا تايىنىپ يىل - ۋاقتى بۇرۇنغا سۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن» دەپ پاراڭ ئارىلىقىدا ئوتتۇرىغا قويسا، شۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىر يۇرتۋاز كۆكەمە دەرھال ئەلپازىنى بۇزۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، كېيىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە تەھدىت سېلىپ قورقۇتقانلىقىنى يازغان ھەم «شۇ ئىشتىن كېيىن مەن سەل چۆچۈپ قالدىم ھەم بۇ مەسىلىدە بەزىلەرنى ئالدىراپ قايىل قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپ قاراپ ‹قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى›ناملىق كىتابىمدا ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتكەن نۇقتىلارنى ئىككى يىلدىن كېيىن ئېلان قىلغان ماقالەمدە خېمىغا يېنىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدۇم»دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پىروفېسسوردا ئىلىمنىڭ ھەقىقىتىنى قوغدىغۇدەك، راست گەپ قىلغۇدەك ئىلمىي جاسارەت بولمىسا، نېمە دېگۈلۈك؟ خەق ئازراق پوپوزا قىلىپ قويسا بوشاپ، يۇمشاپ كېتىش لاياقەتلىك بىر ئىلىم ئەھلىگە خاس پەزىلەت ئەمەس. توي-

تۆكۈنلەردىكى ئۇستەللەردىلا، رېستورانلارنىڭ قاۋاقلىرىدا قاۋاپ - قاقشاپ، سۆزلەپ - كاپىلداپ يۈرىدىغان بىر ناكەس يۇرتۋازنىڭ ئۆكتەملىكىدىن قورقۇپ ئۆزىنىڭ 1500 نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغان كىتابىدىكى قاراشتىن يېنىكلىك بىلەن يېنىۋېلىش بىچارىلىك ئەمەسمۇ؟ ھەيران قالارلىق يېرى ئاپتورنىڭ ئىككى يىل كېيىن يازغان ماقالىسىدە «خېمىغا يېنىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر» بولغانلىقىدۇر. بىر تەتقىقاتچىنىڭ ئەڭ تۈپ پەزىلىتى پاكىتنى ئاساس قىلىش ھەم پاكىت ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈنىدە مۇستەھكەم تۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. دۇنيا ئىلىم - پەن تارىخىدا ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھۆكۈمىدىن يانماي ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن، زىندانغا تاشلانغان ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىگە سېلىشتۇرغاندا، بىر ئالىجوقا يۇرتۋاز ئەبلەخنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىدىن چۆچۈپ خېمىغا يېنىش قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئاجىزلىقتۇر. باشقىلارنى «پىروفېسسورلۇقىمنى مەسخىرە قىلدى» دەپ ئەيىبلىگەن ئاپتور بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ پىروفېسسورلۇق سالاھىيىتىگە ھاقارەت ھېسابلىنىدىغان ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىغان. رۇسىيەنىڭ 20 - ئەسىردە ياشىغان داڭلىق يازغۇچىسى پىرىشۋىن «ھەقىقەتتىن قېچىش تولىمۇ ئاسان، ئەمما، ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاش بەك مۇشكۈل» دېگەن ئىدى، مېنىڭچە غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر قاچقان ھەقىقەتنى ئۇ دەرىجىدە خەۋپكە تولغان ھەقىقەت دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنچىلىك ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ قەتئىي تۇرۇپ قوغدىيالمىغان بىر تەتقىقاتچى زىيالىيغا خاس مەنىۋى سۈپەتنى ھازىرلاشتىن يىراق تۇرىدۇ. ئىتالىيەلىك مەشھۇر ماركسىزمچى زىيالىي ئانتونيو گىرامىش (1891 — 1937) «زىيالىيلار ئېقىمغا قارشى ئىش ئېلىپ بارالايدىغان ھالقىلىق كۈچ» دەپ قارىغان ئىكەن. بىز خاتا ئېقىمغا ئەمەس، بىر نادان يۇرتۋازغىمۇ قارشى يول تۇتالمىساق قانداق بولىدۇ؟

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدا «ئالتىنچى مەسىلە» سۈپىتىدە مېنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالەمدە تاتارىستانلىق ئاكادېمىك مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ پاكىتلىق قارىشىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى ۋە باشلىنىش سەۋەبىنى يېڭىدىن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەنلىكىمنى «چەت ئەللىكلەرنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن مىزانى، قويۇپ بەرگەن ‹دىياگنوز›ىنى ئۆلچەم قىلىش» خاتالىقىنى سادىر قىلغان دەپ ئەيىبلىگەن.

مېنىڭچە بۇ بىر ئىلىم ئەھلى دەيدىغان گەپ ئەمەس. ئىلىم ساھەسىدە مىللەت، يۇرت ئايرىمچىلىقى قىلىش تارمەھكەمچىلىك ئىدىيەسىگە ئىگە تەتقىقاتچىنىڭ ئىشى. پاكىتقا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىش ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي پەزىلەت. بىر پاكىتنى چەت ئەللىك ئوتتۇرىغا قويسا كېسەك، بىز ئوتتۇرىغا قويساق گۆھەر بولۇپ قالمايدۇ. ئىلىم ساھەسىدە پاكىتنى ئۆزىمىزنىڭ، چەت ئەلنىڭ دەپ سۇبيېكتىپ تۈس بېرىش كۈلكىلىك ئىش. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ئىلىمگە يات بۇ بىمەنە پوزىتسىيەسىنى «سىز نېمە ئۈچۈن ‹قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى› دېگەن كىتابىڭىزنىڭ ئاخىرىدىكى پايدىلانغان ماتېرىياللار تىزىملىكىدە ئالدى بىلەن ‹ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى›نى كۆرسەتمىسىز، ئەجەبا ئۇلار چەت ئەللىك ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىسا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قېلىشى ئېنىق.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيەسى ۋە تىلىنى چەت ئەل ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ قانات يايدۇرالامدۇق؟ مېنىڭچە غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ ئىلىم ساھەسى كەسكىن رەت قىلىدىغان بۇ بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيەسى «ئاجىز غۇرۇرلۇق» لارغا خاس ئىپادە. «ئاجىز غۇرۇرلۇقلار» ئادەتتىكى ئەھۋالدا باشقىلارنى يەكلەيدىغان پوپاڭ گەپ - سۆزلەرنى يېنىكلىك بىلەن ئېيتىۋېرىدۇ ياكى ئىپادىلەۋېرىدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك ئادەملەر باشقىلارغا مەردانە پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ناۋادا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە پايدا - زىيىنى تېگىدىغان، ھەق - ناھەق مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى ئاڭلىسا، ئاندىن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئادەتتە ئۇششاق گەپنى تولا قىلىدىغان، ئاسان كۆپىدىغان «ئاجىز غۇرۇرلۇق»لار ھالقىلىق پەيتتە «پار»غا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر ماقالىسىدا «يەتتىنچى مەسىلە» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ تەنقىدلىگەن مەسىلە تېخىمۇ ئۆزگىچە. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: ««ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىنىڭ ئاساسىي روھى ... بويىچە ‹ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى› تېگى - تەكتىدىن غەربتىن، تاتار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ خىل قاراش مۇتلەق قاراشمۇ؟»

بۇ بايانىدىن غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ مېنىڭ ماقالەمدىكى تۈپ قاراشقا گۇمانى بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەن تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىلمىي شۈبھە ۋە ئىدراكىي تەنقىدنىڭ بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىمنى ماقالەمنىڭ

باش قىسمىدا قەيت قىلغانىدىم. شۇڭا، غەيرەتجان ئوسماننىڭ گۇمانىي سوئالىنى غەلىتىلىك دېمەيمەن. يامان يېرى ئۇ «(ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىدە يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخشۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرىمەن» دەپ ئېنىق يازغان. بىر ئاپتورنىڭ ئوخشاش بىر مەسىلىدە، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە تامامەن زىت پوزىتسىيەنى ئىپادىلىشى بىر تۇتۇرۇقسىزلىق. لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى نورمال ئادەم ئوخشاش مەسىلە توغرۇلۇق ئوخشاش ۋاقىتتا بۇنداق زىددىيەتلىك پوزىتسىيەنى ئىپادىلىمەيدۇ، مەن بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، قائىدە بويىچە غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى تېگى ـ تەكتىدىن غەربتىن، تاتار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن» دېگەن «بۇ خىل قاراش مۇتلەق قاراشمۇ؟» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان شۇبھىلىك پوزىتسىيەسىگە جاۋاب بېرىشىم ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى ئۇ ماقالىسىدە ئۆزى شۇبھىلەنگەن نەرسىنى يەنە ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ماقالىسىنى خۇلاسىلىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى غەربنىڭ تەسىرىدىن، تاتار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ بايانىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «رۇسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەيلى قانچىلىك پەسكەش ۋە نومۇسسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئىسلاۋىيانلارنىڭ ھەر خىل مەينەت نەرسىلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن، باشقىرتلار ۋە تاتارلار ئۈچۈن ئوخشاشلا مەدەنىيەتلىك ئىدى.» ئېنگېلس بۇ سۆزىدە يېقىنقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا مەدەنىيلىكنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلغان، دېمەك باشقىرتلار بىلەن تاتارلار رۇسلارنىڭ بوسۇندۇرۇشىغا ئۇچرىغان تۇنجى تۈركىي مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يېقىنقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتىنى رۇسلاردىن ئۆگىنىش پۇرسىتىگىمۇ بالدۇر ئېرىشكەن. تارىخچى ۋاڭ جىلەي ئەپەندى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى»دېگەن كىتابىدا «چاررۇسىيە ئىمپېراتور پېترنىڭ ئىسلاھاتىنى باشتىن كەچۈرگەن ياۋروپا دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا

ئاسىياغا كاپىتالىزمنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنىمۇ ئېلىپ كەلدى» دەپ يازغان. مانا بۇ قاراشلار ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي ئويغىنىش ۋە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىغا ئاساس بولغان كۈچنىڭ غەربتىن، تاتار جەدىتچىلىكىدىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر مېنىڭ جەدىتچە مائارىپنى تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىغان مائارىپ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خارابلاشقان كونا ئۇسۇلدىكى مائارىپىمىزدىن ئۈستۈن قويغانلىقىمنى بىر تەرەپلىمە قاراشقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ‹كونا (دىنىي) مائارىپ› كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكىتى، ئەركىن پىكرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويغان بولۇشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ‹مەدرىسە مائارىپى›(كونا مائارىپ) تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ‹قۇتادغۇ بىلىك›، ‹ئەتەبەتۇلھاقايىق›، ‹دىۋانى ھېكمەت›، ‹خەمسە نەۋايى›، ‹خەزائىنۇلمەئانى›، ‹دىۋانى زەلىلى› ... قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز.»

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماقالىسىدە يەنە بىر مۇنچە مىساللارنى ۋە سىلىشتۇرمىلارنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ بىر مۇنچە چۇۋالچاق بايانلىرىدىن بىزگە يەتكەن ئۇچۇر: «ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپىمىزمۇ قالتىس ئىدى» دېگەن ھېسسىيات تۇسى قويۇق، ئىدراك تۇسى سۇس بىرتەرەپلىمە قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ قاراشنى بىرتەرەپلىمە دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ئۇنىڭ توغرا يېرىمۇ، خاتا يېرىمۇ بار. توغرا يېرى شۇكى مەدرىسە مائارىپىمىز قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە مىسلىسىز گۈللەنگەن. بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەت. ئەمما، يەكەن خانلىقى چۈشكۈنلىشىشكە باشلىغاندىن ئېتىبارەن مەدرىسە مائارىپىمىز خارابلىشىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ بۇخارا ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇل ئۆلىمالىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاخان شىرازىي بۇخارادا دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە سەلبىي ئۈلگە تىكلىگەن. مۇتەئەسسىپ خاراكتېرگە ئىگە بۇ ناچار ئۈلگە ئۈچ ئەسىر جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدرىسىلەردە كەڭ ئومۇملاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مائارىپى كېيىنكى چاغلاردا مېڭىنى چىرىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان قالاق مائارىپ بوپقالغان. بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەنگەن مەشھۇر تاتار جەدىتچى ئالىم رىزائىددىن فەخرىددىن (1858ــ1937) قالاقلىشىپ كەتكەن مەدرىسە مائارىپىنى قاتتىق تەنقىدلەپ مۇنداق يازغان: «رۇس ۋە پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار)دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلىملەر تەلىم ئېتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۈستىمىزدىكى

كۆڭۈلەكلىرىمىز، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چاپانيو-
هارۋىلىرىمىز، ھەتتاكى سىياھۇ قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى،
يالىڭاچ تېنىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار بولسا، بارچىسى
شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى، ئۇلاردا تەربىيە
دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر.
لېكىن بىزلەر قاچانغىچە ئەل - ۋەتىنىنىڭ روناق تېپىشى
ئۈچۈن زەررىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتابلاردىن ساۋاق
بەرمەك بىلەن باللارنىڭ زېھىنلىرىنى زەھەرلەپ،
ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېتۇرمىز؟!»

مەدرىسە مائارىپىدىكى مانا مۇشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال
مىرزاجان شىرازىينىڭ دۇنياۋى پەنلەرنى چەكلەپ
تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئەقىدىگە ياكى
ئەقلىگە پايدىسى تەگمەيدىغان «زەنجانى»، «ئاۋامىل»،
«شەرھى موللا»، «مەۋھۇمە يۇنانىيە» قاتارلىق
كىتابلارنى دەرس قىلىپ كىرگۈزگەنلىكى بىلەنمۇ
مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خەلقنىڭ رېئال مەسىلىلىرىگە
يۈزلەنمىگەن، خەلق دۇچ كەلگەن قاتمۇقات كىرىزىس،
كۈلپەتلەرگە پەرۋايى پەلەك مەدرىسە مائارىپى بىر پۈتۈن
جەمئىيەتنى چۈشكۈن، بىپەرۋا، ھاياتىي كۈچى يوق
جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. خۇددى ئاكادېمىك
مىرقاسىم گوسمانوف «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە
ئىسمائىل غاسپىرالى» دېگەن ماقالىسىدە يازغاندەك:
«ياۋروپا ئەللىرىدە مائارىپ - مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى تازا
يۈكسىلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دەل بۇنىڭ
تەتۈرىسىچە جاھالەت، يەنى ئاڭ، بىلىم، پىكىردە
قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.»

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى
‹كونا (دىنىي) مائارىپ› كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكىتىنى،
ئەركىن پىكرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويغان بولۇشى
ناتايىنىدەك تۇرىدۇ» دېگەن قارىشى يېتەرلىك ئاساسى يوق
بىر يۈزە قاراش. ئەگەر، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ،
جۈملىدىن قەشقەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، مائارىپ
ئەھۋالى شۇ قەدەر قالاق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان
بولسا، ئابدۇقادىر داموللام قوزغىغان جەدىتچىلىك
ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن!؟ بىز ئابدۇقادىر
داموللام قوزغىغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى ئورۇنسىز ئېلىپ
بېرىلغان، زۆرۈرىيىتى يوق ھەرىكەت ئىدى دېيەلەمدۇق.
ناۋادا قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپىمىزنىڭ
گۈللەنگەن مەنزىرىسى 20-ئەسىرگىچە خارابلاشماي
داۋاملىشىپ كەلگەن بولسا، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە
قوزغىغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى زۆرۈرىيىتى يوق ھەرىكەت
بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، 20- ئەسىرنىڭ
باشلىرىدىكى مەدرىسە مائارىپىمىز ئۇنۇمى تۆۋەن،
مىللىي ئېھتىياجىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان
دەرىجىدە زەئىپ، چېچىلاڭغۇ بىر مائارىپ بولۇپ قالغان.
شۇڭا، ئۆزىمىزنى ئالداپ، رېئاللىقنى تەن ئالماي، پاكىتقا
كۆز يۇمۇپ، جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تاتارلارنىڭ
تارىخىي تۆھپىسى ئىكەنلىكىگىمۇ چىدىماسلىق قىلىپ،
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن «خېمىرتۇرۇچ» ئۆزىمىزدە بار ئىدى، تاشقى
جەھەتتىن «سىرتنىڭ، غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان»دەپ
تاتارلارنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش يارىماس
قىلىقتۇر. «تاتار جەدىتچىلىكى » 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى
شەكىللىنىپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى دولقۇن قوزغىغان
بۈيۈك تارىخىي ھادىسە. تېخى تەتقىقاتچىلار نېمە دەيدۇ،
دېمەستىن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ
ئىلمىي، توغرا تەرىپى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ
كۆرسەتمە بېرىش پۈتۈنلەي بىمەنە پوزىتسىيەدۇر. بىزلا
ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي تىللىق
خەلقلەر تاتار مۇتەپەككۇرلىرى ۋە مائارىپچىلىرىنىڭ
تىرىشچانلىقى ۋە پاراستى ئارقىلىقلا بارلىققا كەلگەن
جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىشى
لازىم. تاتارلار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى قوزغىمىغان بولسا،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي
ئويغىنىش ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى 40—50 يىل
كېچىكىپ شەكىللەنگەن بولاتتى «خېمىرتۇرۇچ»ئۆزىمىزدە
بار ئىدى دېيىش، ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن
چۈشمەيدىغان مىللىي پوچىلىقتۇر. ئاپتورنىڭ بۇ «خېمىر
تۇرۇچ »قارىشى ئىچكى ئامىل ئاساس، تاشقى ئامىل
قوشۇمچە دېگەن قاراشنى دوگما ھالدا تەتبىقلاپ
چۈشىنىشتۇر. ئېينىشتېين «بىلىق ئۆمۈرۋايەت ئۆزى
ئىچىدە ياشاۋاتقان سۇ ھەققىدە قانچىلىك نەرسە
بىلىدۇ؟»دەپ سوئال قويغان. بۇ ئاڭنىڭ مۇھىملىقىنى
تەكىتلىگەنلىكتۇر، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق
جەدىتچىلەرنىڭ ئىسلاھات ئېڭى غەپلەت باسقان ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەنمۇ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار
جەدىتچىلىكنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەنمۇ؟

ئومۇمەن، غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇرنىڭ «‹ئۇيغۇر
يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان› ناملىق ماقالىغا
تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسى چىقىش نۇقتىسى نامۇۋاپىق،
مەزمۇنى چۇۋالچاق، قاراشلىرى ئاساسسىز، پىكىر-
مۇلاھىزىلىرى يۈزە، ئەقلىي قۇرۇلمىسى ئاجىز، لوگىكىلىقى
تۆۋەن ماقالە ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ماقالىدىكى توغرا
قاراشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. ئاخىرقى پىكرىم شۇكى:
ئاپتورنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرى ۋە پاكىت ئاساسى بار
رەددىيەلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىش ھوقۇقىنى ھەر دائىم
ھىمايە قىلىمەن. لېكىن، مۇنازىرىنى يۈكسەكلىككە
يېتەكلەيدىغان ئالىيجاناب ئىلمىي مۇددىئانى چىقىش قىلىپ
ماقالە يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

2011-يىلى مايدا يېزىلدى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر



# شائىر، كىشىلىك ۋە جەمئىيەت

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش**

دوقمۇشلاردا، جوّيلۇملەردە، ئەخلەت كىتابلاردا، قوشاقلاردا، پۇرسەتپەرەس ئېتىۋتچىلارنىڭ ئاغزىدا، ئۆزىنى مىسكىندەك ھېس قىلىپ قالغان بىر تىل تالانتلىق شائىرىمىز ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىدا بايرام قىلدى؛ چىرايىدا ھاياتي كۈچ بەرق ئەتتى. بۇ ئۇنداق تىل ئەمەس...! دەپ پىچىرلىدى ئادىل تۇنىيازنىڭ مىسرالىرى. ئۇ مىسرالاردا بۇرۇن پەقەت ياندىشىپ كېلىپ باقمىغان سۆزلەر بىر يەرگە كەلدى. بىر - بىرىگە پار كەلگەن، ئىلگىرى پىراق چەككەن ئاشىق سۆزلەر ئۆز مەشۇقلىرىنى تېپىۋالدى. نەۋايىدىن كېيىن شاھمەشرەپ ئانا تىلىمىزنى ئەنە شۇنداق بىر ئۇسسۇلغا سالغانىدى. ئارىدىن 300 يىللار ئۆتۈپ، تىلى گادايلارنىڭ قەلىمىدە يايرايدىغان ماكان تاپالماي قالغان تىلىمىز ئادىل تۇنىياز قاتارلىق بىر قانچە شائىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا لەرزان ساماغا چۈشتى. بويۇن قىسقان تىل بايرام قىلدى.

«بوينۇڭنى تىك تۇتۇپ يۈر، سېنىڭ تىلىڭ شېكىسپىرنىڭ، ۋولت ۋىتمانىنىڭ، مىلتوننىڭ تىلى» دەپ خىتاب قىلغانتى ئىنگلىز تىلى!

«پەخىرلەن ، سەن پۇشكىن ئىشلەتكەن تىلنىڭ ئىگىسى» دەيتتى رۇس تىلى!

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تىلىمىز يېتىمچىلىك ھېس قىلاي دېگەندە، چىرايىغا مىسكىنلىك يۇگۇرەي دېگەندە، تىل ئۇستىسى ئادىل تۇنىيازنىڭ مىسرالىرىدىن بىر سادا كەلدى: كەل، سۆيۈملۈك تىلىم. مەن ساڭا بايرام قىلىپ بېرەي. سىن يېتىم ئەمەس. سەن ئەسلىي ئۇنداق تىل ئەمەس ئىدىڭ. سەن نەۋايى ھەزرەتلىرى ئىشلەتكەن تىل ئىدىڭ!

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تىل ئىشلىتىشنى بىلمىگەن ناكەسلەرنىڭ يارىماسلىقىدىن چىرايىغا سامان رەڭگى يۈگۈرگەن سۆيۈملۈك تىلىمىز بايرام قىلدى. ئۇ كۈلدى، يىغلاپمۇ ۋەتتى، ئاندىن چاناقلىرىدا ياش يوقى سۆزلەر جۈپ-جۈپ بولۇپ سەھنىدە—ئادىل تۇنىياز مىسرالىرىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى.

گېرمانىيە شەرھچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ پېشۋاسى، كاتتا پەيلاسوپ گادامېر(1900—2003) «بىز ئادەتتىكى تىل بىلەن مەقسەتلىرىمىزنى تولۇق ئىپادىلەپ بولالمايمىز. پەقەت شېئىرلا ئەڭ ئىنچىكە مەنىلەرنى ئىپادىلەشكە ماس كېلىدۇ ھەم بۇ ۋەزىپىنى ئۇستا شائىرلا ئارتقۇزالايدۇ» دېگەنىدى. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى گادامېرنىڭ بۇ سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇيغۇر تىلى شېئىرلىرىدا بايرام قىلىشقا باشلىغان چاغدا، ئادىل تۇنىياز فىرانسىيەلىك گىگانت پەيلاسوپ دېررىدا(1930—2003) نىڭ 1970- يىللاردىن باشلاپ دۇنيا پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىنى ئالدىرىتىپ كېلىۋاتقان «چۇۋۇمچىلىق» پىكىر ئېقىمىنى ئوقۇمىغانىدى. ئەمما ئۇ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى چۇۋۇپ، سۆزلەملەرگە كۈچ ۋە يېڭى مەنە ئاتا قىلىپ، دېررىدا پەلسەپەسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەتبىقلىماقچى

بولغانلارنى بىر يېڭى تەجرىبە ئېتىزى بىلەن تەمىنلىدى. «دېررىدانىڭ چۈۋۈمچىلىق پەلسەپەسى ۋە ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى»، «شەرھ، گادامېر ۋە ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى» دېگەندەك تېمىلار ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ بويىنىغا قەرز بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ساھەدە ئىشلار، ئۆلچەملەر ئاتام ئېيتقان بايىقى ئوربىتاسىدىن چىقماي، ئۆزىنى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى دەپ ئاتىۋالغان بەزىلەر كونا تەيپۇنەم ئۆلچەملىرىنى ئۆگىنىپ بولالمايۋاتقان بىر ئەھۋالدا، بۇنداق مۇھىتتىن ئۇيغۇر تىلىغا بايراملىق بەرگەن ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىغا چۆككۈدەك، دۇنياسىغا كىرگۈدەك مادار، دىت، قەلب تېپىلماسلىقى بەرھەق ئىدى.

ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا بايرامغا چۈشكەن ئەي سۆيۈملۈك تىلىم، قەددىڭنى تىكلەشتە قالغانلار جىق ئاجىز كەلدۇق! بىز خىجىل بولىمىز. ئادىل تۇنىيازدەك ساڭا بايرام قىلىپ بېرەلمىسەكمۇ، ئازغىنە بولسىمۇ بايراملىق بېرىمىز. بىزنى كۈتكىن!

ھېكمەت چۈشەنچىمىز ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلىنىپ بېقىشىمىز زۆرۈر. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ھېكمەت دېگەنلىك—چوڭقۇر مەنىگە ۋە ھەقىقەت تۇسىگە ئىگە، بىز ئۆگەنگۈدەك ئىش ياكى بايان دېگەنلىكتۇر. ئەمما، ھېكمەت يالغۇز تەۋەررۇك دەستۇرلاردا، «تەپەككۇر گۈلشەنى»، «قابۇسنامە» قاتارلىق كىتابلاردا ۋە باشقا پەلسەپىۋى ئەسەرلەردە بولۇپلا قالماستىن، ئادەمدەك ياشىغان، ئەقىدىسىنى ساتمىغان، مۇرەسسەگە كەلمىگەن ئادەملەرنىڭ ھاياتى ۋە ۋۇجۇدىدىمۇ بولىدۇ. ئادىل تۇنىيازنىڭ روھىي دۇنياسىدا ۋە ھاياتىدا خېلى بىر قىسىم شائىرلار قىلالمايۋاتقان، دورىيالمايۋاتقان، شۇ يېشىغىچە ھېس قىلالمىغان ھېكمەتلەر، بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر تېپىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىنى كۆرۈپ باقايلى.

بىرىنچى ھېكمەت: ئادىل تۇنىيازنىڭ ئەقىدە ۋە پاكىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى بىزگە مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئېتىقادلىق قوۋمنىڭ شائىرى. شۇڭا مەن ئازغۇن بولماسلىقىم كېرەك. مەن بىر ھېساب بەرگۈچى. مەن ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى تېتىغۇچى، شۇڭا، ئادەمدەك ياشاي.

يېشىمى: بىر دوستۇم تېخى بىر ئاي ئىلگىرىكى رامىزان ئېيىدا بىر مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئادەمنى ئارقىغا ئۆرۈۋەتكۈدەك بىر گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. يەنى ھېلىقى شائىر: «ئاخشام بەك قاتتىق ئىچىپتىكەنمىز، باش قاپاق» دېگۈدەك. ئاممىۋى سورۇندا شۇ گەپنى دەۋاتقان ئۇ شائىر دوستۇمنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپتۇ. سەۋەبى، بۇ تېخى رامىزاننىڭ 10- كۈنىكەن. بىز ئەمدى سوئال قويايلى: بۇ كىشى قايسى مىللەتنىڭ شائىرى؟ ئۇيغۇرنىڭدۇ؟ ئۇ شۇ چاغقىچە ئۆزىنىڭ ھېساب بېرىدىغىنىنى، رامىزاننىڭ مۇقەددەسلىكىنى، تونۇشقا تېگىشلىك بەك ئاددىي ھەقىقەتنى تونۇمىغىنىنى نېمىشقا ھېس قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ئاممىۋى سورۇندا دېيىشتىن ئۇيالمايدۇ؟ لەنەتلەر بولسۇن بۇنداق شائىرلارغا! بىز شۇنداق خىتاب قىلىپ، ئادىل تۇنىيازغا يۈزلەنگىنىمىزدە، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئادىل تۇنىياز: «سالام، ئۇيغۇر شائىرىم، ئەگرى يولنى جىق مېڭىپ كەتتىڭ، تېنىڭ نەپسىڭ ئۈچۈن بەك مۇلازىمەت قىلىپ كەتتى. كەل، بىز بارىدىغان مەنزىل ماۋۇ يەردە» دەپ بىزنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ.

مۇنداق بىر كۆرۈنۈشمۇ بار. نەچچە كۈن ئىلگىرى مەلۇم بىر تور مۇنبىرىدە مەن شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر شائىر يەنە بىر دوستى «ھاراق ئىچەيلى» دەپ خىتاب قىلسا، «يۈرۈڭلار، چىلاشقۇدەك بىر ئىچەيلى» دەپ ھېلىقى دوستىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. رەسمىگە قارىسام، يېڭى ئۇسلۇبتا شېئىر يازىدىغان بىر ياخشى شائىرنىڭ رەسمى ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاممىۋى سورۇندا نومۇس قىلمىغان بۇ شائىر مېنىڭ نەزىرىمدىن شالاققىدە چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئادىل تۇنىيازنى ئەسلە قالدىم.

يەنە مەسىلەن، 90- يىللاردىن كېيىن ئادىل تۇنىيازدىن ئۆزگىچە يول تۇتۇپ داڭق قازانغان بىر شائىر بىر توردىكى مەلۇم بىر سۆھبەتتە «ئىلھامنى نەدىن ئالىسىز؟» دېسە، «شەيتاندىن ئالىمەن» دېدى ۋە بىر مۇنچە ئازغۇن گەپلەرنى قىلىپ، مۇقەددەس سىمۋوللىرىمىزغا ئاياىماستىن چېقىلدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىر مۇنچە ئازغۇن شائىر ئاھ-ۋاھ دەپ ئاڭلىدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. كېيىن قارىسام، بەزى سەگەك ياشلىرىمىز بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭغا دېۋىدى، ئۇ جىم تۇرۇۋالدى. پوزىتسىيەسىدىن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىدەك ئەمەس. يەنە بىر ئۇستا شائىر تاغقا بېغىشلانغان بىر شېئىرىدا«قىيامەت خوتۇن ئالالمايدۇ، ئەرگە تېگەلمەيدۇ» دەپ مىسرا تىزىپ جۆيلۈگىلى تۇردى.

بەرھەق، ھۆرمەتلىك مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىمغا كۈيۈئوغۇل بولۇشتىن ئىلگىرى ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ بەزىدە ئەنە شۇنداق بىلىپ- بىلمەي يېزىلغان مىسرالار ئۇچرايتتى. شائىر، ئۇزۇن بولدى، ئۆزىنى جىددىي تۈزىتىپ، مۇقەددەس سىمۋوللىرىمىزغا چېقىلىدىغان مىسرالارنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتتى، ئەقىدىلىك بىر شائىر بولدى. نېمىدېگەن بالدۇر بايقاش؟ دېمەك، بىز ئۆلگۈرىمىز. ئەي شائىر، سەن ئۆلگۈرسەن!

ئاۋۇ يولدىن قايت. چۈنكى، سەن ئۇيغۇرنىڭ شائىرى، سەن بايرون ئەمەس! پۇشكىن ئەمەس! ئۆزۈڭنى ئوكتاۋىئو پازدەك، گارسىيا لۇركادەك ھېس قىلىپ كېتىۋاتقان بولساڭ، ھوشۇڭنى يىغ. چۈنكى، سەن ئۇيغۇرنىڭ شائىرى! سەن ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بىر شائىر!... شۇنداق دەۋاتقىنىمىزدا، ئادىل تۇنىياز يەنە شۇ يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن بىزگە يۈزلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ بىر نەرسە ئۇقتۇراتتى.

ھېكمەتنىڭ توچكىسى: بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ ھەممە نەرسىنى ھەل قىلدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، «ئەپلاتۇندىن كېيىنكى ئەڭ گىگانت پەيلاسوپ دەپ نام ئالغان گېرمانىيەنىڭ تەقۋادار پەيلاسوپى كانتنىڭ پەلسەپە دۇنياسىدا نېمە باردۇر؟» دەپ شۇڭغۇپ باقتىم. ئۇ ئەقىلنىڭ، بىلىمنىڭ نۇرغۇن نەرسىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى 230 يىل بۇرۇن مۇپەسسەل شەرھلەپ، ھاياتىدا ئەقىدە بىلەن بىلىمنى بىرلەشتۈرگەن ياخشى شائىرىمىز ئادىل تۇنىيازنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ھېكمەتتىن بېشارەت بېرىدىغان رىسالىلەرنى قالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىر جۈملىگە يىغساق مۇنداق بولىدىكەن: «بىلىمگە ئازراق چەك قويۇپ، ئەقىدە ئۈچۈن ئورۇن بېرىڭلار!»

ئادىل تۇنىيازغا قايىل بولۇپ تۇرغان چېغىمىزدا، ھەيرانلىقىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ ھالال ئەقىدىلىك ئايالى نەزىرە مۇھەممەد سالىھ ئۆزىنىڭ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» دېگەن كىتابىدىكى «ئەقىلدىن باشقا كۆز» دېگەن ماقالىسىدە بىزگە بىر ئەجەللىك خاتالىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ئەسلىدە نەزىرە خانىم كانت مېنى ھەيران قالدۇرغان ئاۋۇ بايانلارنىڭ سەۋەبىنى ۋە لوگىكىلىق ئاساسىنى كىلاسسىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيەسىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ دەپ بولغانىكەن. مەن بەك نومۇس قىلدىم ۋە «بارىكاللا ئادىل تۇنىياز ئائىلىسى!» دەۋەتتىم.

ئىككىنچى ھېكمەت: خىيالىمغا پات ـ پات كىرىۋالىدىغان ئادىل تۇنىياز ماڭا مۇنداق بىر ھېكمەتنى ھېس قىلدۇرىدۇ: مۇرەسسەگە كەلمەيدىغان بىر پىكىر ئىگىسى پۇچەكلەر قورشاۋىدا قانچە بەك قىسىلغانسېرى، قانچە بەك ئۇھسىنغانسېرى، يۈكسەك روھقا ئىگە ئەللامەلەرنى سېغىنىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىدۇ.

مەن شائىرنى ئارتۇقمۇ ماختىمايمەن. ئارتۇق ماختىۋەتتى دېگۈچىلەر مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن بۇنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلەلەيدۇ: بىرى، «مەن قانداق قىلالىدىم؟ مەن بولسام قانداق قىلاتتىم؟» دەپ سوئال قويۇش ئارقىلىق. يەنە بىرى، ئۇنى باشقا زاماندىش شائىرلارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق. مەن شائىرنىڭ 40 يىللىق تەۋەللۇتىغا ئاتالغان بۇ يازمىنى يېزىشتىن بۇرۇن جىق ئىككىلەندىم. ئاخىرى مۇھەببەت مېنى سۆزلەتتى. ئىچىمدىن: «قويە، ئۇنداق مۇجمەل سۇكۇتلىرىڭنى» دەپ سادا كەلدى ـ دە، شېئىرغا ۋە شائىرغا بولغان مۇھەببىتىمنى ھەرىكىتىم بىلەن ئىپادىلىدىم. ئەينى ۋاقىتتا پاستېرناك رىلكىغا غايىۋانە مۇھەببەت باغلاپ تالاي خەتلەرنى يېزىپتىكەن. مەن پاستېرناكنىڭ پايتىمىسىغا تەڭ كەلمەيدىغان بىر ئاددىي ئادەم بولساممۇ ھەم شائىر بولمىساممۇ، ياخشى ئەدىبلىرىمىزنى ھايات ۋاقتىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ بۇ يازمىنى يېزىش قارارىغا كەلدىم.

ئۈچىنچى ھېكمەت: شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ ھاياتى بىزگە مۇنداق دەيدۇ: قەلبىمگە ھېچكىم كامېرا ئورنىتالمايدۇ. بىز ئەندىشىنى، ۋەھىمىنى مۇبالىغە قىلىۋەتتۇق. تەسەۋۋۇر ۋە زېھنىمىزنى ئاخىرقى ھېسابتا روھ ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، پەقەت ئۆزىمىزلا بىتچىت قىلالايمىز. ئۆزىمىزنىڭ زېھنىنى ۋە تەسەۋۋۇرنى تاشقىي خىرىسلارغا يەم قىلىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن زىيادە ئۈچۈرلارنى ۋە ئوشۇق ۋەھىملەرنى رەت قىلايلى.

ئادىل تۇنىياز زېھنىنى ۋە تەسەۋۋۇرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تېرە تاراقشىتىۋاتقانلارغا ۋە چۈپرەندىلەرگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى. يەنە پىنھان ياشىدى؛ سورۇنلاردىن ئۆزىنى تارتتى؛ زامانىۋىلىق يالتىراقلىرىنىڭ، كەيپىنىڭ، نازىنىڭ، مەدھىيەنىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بەردى. مەن ئامراق بىر ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە ئېيتقاندا، نەپسى ۋە ھېسسىياتىنى قوي بوغۇزلىغاندەك ئۆلتۈرۈپ ياشىدى. پۈتۈن ئەقىدىسىنى ياخشى بىر ئۇيغۇر ۋە ھالال ئەقىدىلىك بىر شائىر بولۇش ئۈچۈن ئاتىدى. نەتىجىدە، ئۇ زېھنىنى ۋە تەسەۋۋۇرنى بۇلغاتمىدى. تاشقى ۋەھىملەر ئاجىز كېلىپ ئۇنىڭ روھىنى ئۆلتۈرەلمىدى. سەۋەبى، قەلبكە ئۇسكۈنە ئورناتقىلى بولمايتتى. ئۆزىمىزنىڭ روھىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزلا ئۆلتۈرەتتۇق. رەڭلىك سورۇنلاردا، ھاراق بوتۇلكىلىرى ئەتراپىدا، ھەسەتتە، مەشھۇرسىراش ئوتىدا روھنى ئۆزى بىر قوللۇق ئۆلتۈرۈۋاتقان ئازابى ساختا شائىرلارغا ۋە باشقا تىرىك مۇردىلارغا، نان كۈچۈكلىرىگە بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايتتى.

زېھنىنى، تەسەۋۋۇرنى، پاك ئەقىدىسىنى ساقلاپ قالغانغا تۇشلۇق نېمە نەتىجە يۈز بەردى؟ ئۇ بىر نەچچە تىلنى

ياخشى ئۆگەندى. ئىنگلىز تىلىدا شېئىر ئوقۇپ ھۇزۇرلانغۇدەك، كۆچىسە شېئىرمۇ يازغۇدەك سەۋىيەگە يەتتى(«مارتقا كىرىش »دېگەن شېئىرىنىڭ ئىنگلىزچىسىگە قاراڭ). كېيىن نەۋايى، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ مىسرالىرى بىلەن بىر قاتاردا تارىختا قالغۇدەك دۇردانە شېئىرلار ئۇزۇلمەي چىقىۋەردى. قەلبى بەئەينى بىر بۇلاققا ئوخشىدى. بەش كىتابىدىن «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» (24 يېشىدا)، «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى» (28 يېشىدا)، «جۇمبەلدىكى كۆز» ۋە «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» (33 يېشىدا)، «دېڭىزدىكى كوچا» (35 يېشىدا) ئېلان قىلىندى. شۇ ياشتىكى ئەڭ تالانتلىق ئۇيغۇرلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇنى مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. بىز تېخى ئۇنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان «بىزگە كىرىپ كەت كېرەك ئەمەس»، «شېئىر كۆلۈمسىرىمەكتە»، «ئۇشۇنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى»، «ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار» قاتارلىق يۇقىرىدا نەشرقىلىنغان كىتابلىرىغا كىرمىگەن ئەسەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىدۇق. ئەمدى بىز سوراپ باقايلى، مەن 24 ياشتا نېمە قىلالىغان؟ نەدىتىم؟ تۇنەكخانىدىمۇ؟ 35 يېشىمدا نېمە قىلدىم ياكى قىلماقچى؟ 40 يېشىمدىچۇ؟

تۆتىنچى ھېكمەت: شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ ھاياتى بىزگە مۇنداق دەيدۇ: شائىرغا تۇشلۇق قەلب بولۇشى كېرەك. چىن شائىر ئۆگىنىۋالغان قېلىپى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن، قان تومۇرلىرى ئۆز قوۋمىنىڭ مىللىي كىملىكىگە تۇتىشىپ كەتكەن شىكەستىلىك يۈرىكى بىلەن يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇنداق شائىرنى خەلق قوينىغا سايە تاشلىغان بىر تۈپ مەزمۇت چىنارغا ئوخشاتساق، ئۇنىڭ يىلتىزىنى 2ـ بۆلەكتە ئېيتقان ئېتىقاددىن باشقا، كۆچلۈك بولغان تەۋەلىك تۇيغۇسى، مىللىي كىملىك ھېسسىياتى ۋە سىستېمىلىق بىلىم چىڭىتىدۇ. ئۆز كوللېكتىپىنىڭ تەقدىرىدىن تىراگېدىيە ئېڭى ۋە قەلب چوڭقۇرلۇقى يېتىلدۈرمىگەن شائىرلار ئۆلچەملىك شائىر ئەمەس.

ئىتالىيە ماركسىزمچىسى ئانتونىئو گىرەمشى ئۆزىنىڭ «تۈرمە خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ «مەدەنىيەت زوراۋانلىقى» دېگەن بابىدا ئۆزى ياشاۋاتقان مۇرەككەپ تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن زىيالىينىڭ رولىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئەمدى بىز بۇ گەپنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن، سېلىشتۇرما ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن ئادىل تۇنىيازنىڭ ھاياتىغا قاراپ باقايلى.

گەپنى سەل يىراقتىن باشلايلى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان پېشقەدەم شائىرلار بار. ئەمما ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىلا بىز يۇقىرىدا دەۋاتقان نۇقتىلارنى ھېس قىلغان. بۇرۇن قەلبىگە ئەمەس، تېخنىكىلىق ماھارەتكە تايىنىپ يېزىلغان، شوئار، مەدھىيە تېمىسىدىكى شېئىرلىرىغا پۇشايمان قىلغان. مەن بۇنى دېيىش ئارقىلىق مۇنداق بىر نۇقتىنى ئېلگىرى سۈرمەكچى. تېخنىكىلىق ماھارەتنى ئىگىلىۋېلىپ (مەسىلەن قاپىيە، تۇراق) مەزمۇندا چوڭقۇرلىيالمىغان، ئۆز كوللېكتىپىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن تىراگېدىيە ئېڭى ۋە قەلب چوڭقۇرلۇقى يېتىلدۈرمىگەن شائىرلار ئۆلچەملىك شائىر ئەمەس. بىز بۇ ئارقىلىق تېخنىكىلىق ماھارەتنى ياخشى يېتىلدۈرگەن، شۇ دەۋردە ئېتىراپ قىلىنغان شائىرلارنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. بەلكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى پۇشايمىنى شوئار، نوقۇل قامچىلاش، كالىندار، بىراۋنىڭ تەۋسىيەسى، شۆھرەت تاماسى نۇقتىسىدىن يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ گەپ تىزمىسى ئىكەنلىكىنى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى. ئەقلىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاپسا پۇشايمان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئەمما، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تاپقان بۇنداق پۇشايمان بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتا ھازىرقى نۇرغۇن يازارمەنلەرگە ساۋاق بولۇشى كېرەك.

بىر چىن شائىردا بولۇشقا تېگىشلىك قەلب چوڭقۇرلۇقى مەسىلىسىنى يەنە مۇنداق بىر مىسال بىلەنمۇ چۈشىنىش مۇمكىن. تېخى يېقىندىلا ھونولۇلۇدىكى بىر قىممەتلىك جۇمە نامىزىدا بىر شائىر دوستۇم قىلىنىۋاتقان قىرائەتنىڭ مۇڭلۇقلىقىدىن ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى. قەلبلەر ئېرىدى، ئۇپچا يىغا سادالىرى كۆپەيدى. سىزچە، كۆنبويى رەڭلىك سورۇندا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، شەيتان بويىنىغا مىنگەن بىر شائىر بۇ كۆرۈنۈشنى چۈشىنەلەمدۇ؟ ياق، چۈشىنەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ شائىردا ئاشۇ يىغىنى، بۇنداق دەقىقىلەردە قەلبىنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئېرىيدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان يۇمشاق قەلب يوق، ئۇنىڭ باغرى قاتقان. بۇنداق كۆرۈنۈشنى ئازابى ساختا شائىر ھېس قىلالمايدۇ. بۇ بىر نەرسىنى چۈشەندۈرىدۇ. نېمىنى؟ ئادىل تۇنىيازدەك بىر شائىر بولۇش ئۈچۈن سىزدە تىراگېدىيە ئېڭى ۋە ھەقىقىي شائىرغا خاس قەلب بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئادىل تۇنىيازنىڭ «تۇرسۇن قۇربان» دېگەن شېئىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سىز تۇرسۇن قۇرباننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمىشقا ئاپتورنىڭ دىققىتىنى بۇنچىۋالا تارتقانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئادىل تۇنىيازنىڭ «قاغىلىقتىكى نۆل كىلومېتىر»، «ئۇسسىمچى قىزغا»، «ئۇيغۇر بىنا چاققۇچى» قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ تارىخىي ئېقىندىكى مىللىي كەچۈرمىشلەرنى تۇنجى بولۇپ قەلەمگە ئالغان شېئىرلىرى

بايىقى گېپىمىزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر سىز نۆل كىلومېتىرغا مەستچىلىكتە ... ئىستىكىڭىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كىرگەن شائىر بولسىڭىز، بىر بىنا چاققۇچىنى سىزگە توپا توزۇتۇۋەتكىنى ئۈچۈن تىللاۋاتقان شائىر بولسىڭىز، سەنئەتخانىڭىزدا بىر ئۇسىمچى قىزنى پۇتلىۋېتىپ ئەپۇ سوراش تۇرماق، زەپىران چىرايىغىمۇ قارىماي كېتىۋاتقان شائىر بولسىڭىز، بۇ نۇقتىنى ھەرگىز چۈشەنمەيسىز.

بەشىنچى ھېكمەت: شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ ھاياتى ۋە روھىي دۇنياسى بىزگە مۇنداق دەيدۇ: شائىرنىڭ ئۆز ئوبرازى ۋە ئادىمىيلىكىنى ساقلىشى، پەرۋىش قىلىشى شېئىرىي دىت يېتىلدۈرۈشكە ئوخشاشلا مۇھىم. شېئىرىيەت قاشاسىز تام ئەمەس، كىم پېتىقدىسا بولىدىغان خامان ئەمەس. ئۆزى چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان شېئىرنىڭ ئوبرازىنى، قاشاسىنى قوغداشقا تىرىشمىغان، شېئىرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشتا، مۇھەببىتىنى ھەرىكەتتە ئايلاندۇرالمىغان شائىر ئەمەلىيەتتە بىر شوئارۋازدۇر. ئۇنىڭ ئازابى ساختىدۇر.

ئۇيغۇر رېئاللىقىدا پەيدا بولۇشقا ئۈلگۈرگەن بىر قاتار ئىجتىمائىي بىنورماللىق ۋە بىمەنە رېئاللىقنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە شۇنداق بىر ئەھۋال كۆزگە چېلىقىدۇكى، ئاممىۋى مىدىيالاردا، لەتىپە ـ يۇمۇر سورۇنلىرىدا، تور مۇنبەرلىرىدە پەقەت شېئىرىي دىتى يوق ئادەملەر شېئىرنى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا ئۇچۇق ـ ئاشكارا مازاق قىلىشىدۇ(بۇ ھەرگىزمۇ بەزىلەر ساددىلارچە ئېيتقاندەك، ھەۋەسكارلارغا زەربە بەرگەنلىكىم ئەمەس؛ بۇنىڭ ئاساسلىرىنى يەنە بىر تېمىغا يازغان ئىنكاسىمدا شەرھلەيمەن). ئېيتۇتچەدىن هاراقكەشكىچە، تور قوشاقچىلىرىدىن پاھىشەگىچە بىر تالاي ئادەملەر ئەمەسلا بىر نەرسىلەرنى شېئىر دەپ يېزىپ، شېئىرنىڭ ۋە شائىرنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ شائىرلىقتا سىناپ بېقىپ ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ. نادان خوش ـ خوشچىلار تېخى بىر ـ بىرىنى «قىرلىق ئۇستاكان» فىلىمىدىكى ئوسمان داڭگالنىڭ «ئالامەت شېئىركەن، قالتىس شېئىركەن» دېگەن كىنايىسىنى ئېسىمىزگە سېلىپ، دەلتىلەرچە ماختاشقىمۇ ئۈلگۈرۈشىدۇ.

ئۆزىنى تۆۋەن كۆرگەن بىر توپ ئادەملەرنىڭ مەشھۇرسىراش پسىخىكىسى بىزدە ئەنە شۇنداق بىمەنە ھالدا ئەكس ئەتتى ۋە رېئاللىقىمىزدا چىن شائىرلارنىڭ ئوبرازىغا قارا سۈرتۈلدى. داڭق چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتكەن بىر قىسىم «قوشاقچى» مۇنبەرداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز، ئاممىۋى سورۇندا قىلىۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە شائىرنى ۋە شېئىرنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرىدىغانلا بىر ئىش ئىدى. ئۇنداقتا بىزنىڭ «شېئىرغا ئۇنداق كۆيدۈم؛ مۇنداق كۆيدۈم» دېگۈچى شائىرلىرىمىز بۇنداق بىنورمال ھادىسىگە قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟ جاۋاب شۇكى، ئىنكاس قايتۇرغان ئازغىنە شائىردىن باشقىلار بۇنىڭغا كوللېكتىپ سۈكۈت قىلدى، نەتىجىدە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز ۋاقتىنى، زېھنىنى ئۆزلىرى پەقەت قىلالمايدىغان ئىشقا سەرپ قىلىپ، بەكمۇ قاملاشمىغان بىر ئىشنى قىلدى. قىزىقچىلىق زاڭلىشىش تۈسىنى ئالدى. ئەمدىلىكتە بىز بۇ بىمەنە رېئاللىقنى مۇنبەرلەردە، مېدىيالاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا كۆرمەكتىمىز. شېئىرىيەت كوچىمىزدىكى شائىرلار ۋە شېئىرنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغانلار پەممىچە كەم ھېسابلانسا 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر يۈزدە بىر كىشى شائىر ۋە شېئىرنى مازلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىشقا يۈز تۇرا كۆرۈشكەندە، تېلېفوندا ياكى خەت ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرغان بولسا، مۇنبەرلەردە ۋاقتىدا تەنقىدىي پىكىرلەر بېرىلگەن بولسا، بۇنداق بىمەنە رېئاللىق ئومۇملاشمىغان بولاتتى.

ئۇنداقتا، بىز دەۋاتقان بۇ نۇقتىدا ئادىل تۇنىياز قانداق قىلدى؟ بىز ئەلۋەتتە بۇ تالانتلىق شائىرنى «سەن چىقىپ بۇنداق بىنورماللىققا ئىنكاس قايتۇر» دەپ ھەرگىز دېيەلمەيمىز(شېئىرنىڭ ئوبرازىنى ۋە قاشاسىنى قوغداش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىر تۈرلۈك ۋەزىپىسى ئىدى). ئادىل تۇنىيازنىڭ يېقىنقى تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋىرىمىز يوق، ئادىل تۇنىياز رادىيو ئىستانسىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىدە شېئىرنىڭ قەددىنى تىكلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. شېئىرنىڭ، شائىرنىڭ ئوبرازىغا يۈز كېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەمەلىي تىرىشچانلىقنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان بۇنداق بىر روھقا بىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

باشقا شائىرلار بۇ نۇقتىدا قانداق قىلغان؟ مەسىلەن، بۈيۈك رۇس شائىرى پاستېرناك (1958 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتى ساھىبى) بىر كۈنى ئىستالىننىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتىلغان. ئىستالىن ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى ماختاش تەمە قىلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن. سەۋەبى، پاستېرناك شۇ چاغدىكى ئەڭ ئېتىراپ قىلىنغان شائىر بولغاچقا، ئۇنىڭ مەدھىيەسىنى ئاڭلاش ئىستالىن ئۈچۈن چوڭ ئىش ئىدى. كۈتمىگەندە شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، پاستېرناكنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماستىن ئىستالىننىڭ ئالدىدىلا «يولداش ئىستالىن،

سىز بۇنىڭدىن كېيىن شېئىر يازماڭ!» دەيدۇ. مەشھۇر تۈركىيە يازغۇچىسى ئەزىز نەسىن بولسا شېئىرغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن شېئىر يېزىشتىن ۋاز كەچتى. شېئىرىيەت كوچىسىنى پاخال قىلماسلىقمۇ شېئىرغا بولغان ھۆرمەت ئىدى. مەن مۇشۇنچىلىك بىرئاددىي گەپنى توردىكى مۇنبەردە بەزىلەرگە ئۇقتۇرالماي بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىم، بەزىدە يالغۇزمۇ قالدىم. ئەي ئۇيغۇر شائىرى، سىز تۇرمۇشىڭىزدا پاستېرناكنىڭكىدەك ئەھۋالغا ئۇچرىغانمۇ؟ ئۇچرىغان بولسىڭىز سىز قانداق قىلدىڭىز؟

ئىككى يىل ئىلگىرى مەلۇم بىرئىنتېرنېت تورى مۇنبىرىدە نامى چىققان بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ ھاراق بوتۇلكىلىرىنى تىزىپ قويۇپ مەست ھالەتتە چۈشكەن رەسىملىرى كۆرسىتىلدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئىجتىمائىي ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئۆلمىگەن ئوقۇرمەنلەر باركەن، ئۇلارنىڭ ھېلىقى كۆرۈنۈشنى تەنقىد قىلىشى بىلەن نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ شەرمەندە سۈرەتلەر يوقىتىلدى. ئەگەر ئۇلار نامى چىقىپ قالغان بىر تۈركۈم ياش ئۇيغۇر شائىرلىرى بولمىغان بولسا، بىز بۇنداق دەپمۇ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق.

بۇ يەردە مەلۇم بىر مۇھەررىرنىڭ جەنۇبقا چۈشكەندىكى شائىر ۋە شېئىر ھەۋەسكارلىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدىن ئۇچۇر بېرىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. بىر ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلىۋاتقان ئۇ ئادەم 2007 ـ يىلى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئالدىمغا مەن شائىر دەپ كەلگەن بالىلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق مەزلۇم مىجەز، ھاياجان، تەنتەك بالىلارنىمۇ كۆردۇم. تۇرقىدىن، گېپىدىن قارىسام، ھېچ بىر شائىردەك ئەمەس(بۇ يەردە قىسمەنلىك كۆزدە تۇتۇلىۋاتىدۇ ۋە كىيىمىنىڭ ئەمەس، ئوبرازىنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ، كىملەردۇر بىرى ئۆزىگە ئېلىپ كەتمىگەي). مەن «ئۇلار نېمىشقا ئوبرازىغا، گەپ ـ سۆزىگە دىققەت قىلمايدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق شائىرى روبېرت فروستنىڭ شۇنداق بىر قالتىس مىسراسى بار: «قاشاسى ياخشى قوغدالغان ھويلىغا ئوغرى كىرمەيدۇ.»

ئالتىنچى ھېكمەت: شائىر ئادىل تۇنىيازغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى بىزگە شېئىرنىڭ ۋە چىن شائىرنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلدۇرۇپلا قالماي، چەكلىمىلىكىنىمۇ ھېس قىلدۇردى: شېئىر قالتىس نەرسە، مەنۋىيىتىمىزنى گادايلىشىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەمما بىزنى قاباھەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ. سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت دەپ، شېئىر ئۈچۈن شېئىر دەپلا ياشاش بىزنى ئېستېتىكلىق ياتلىشىش قويىنىغا غەرق قىلىدۇ ۋە رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىغا ئاتاپ يازغان «تارىختىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن» ناملىق ماقالىسىدە دوستويېۋسكىي بىلەن سولژېنىتسىننىڭ گۈزەللىك ھەققىدە بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇلغان مۇنۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى نەقىل ئالىدۇ: «دۇنيانى گۈزەللىك قۇتقۇزىدۇ.»(دوستويېۋسكىي). 1973 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى، رۇسلارنىڭ ۋىجدانى دەپ نام ئالغان سولژېنىتسىن بۇ قاراشقا مۇنداق رەددىيە بېرىدۇ: «قاباھەت ۋە مۇدھىش قاپلىغان بىر دۇنيادا گۈزەللىك كىملەرنى قۇتقۇزالاپتۇ؟» بۇ ناھايىتى جايىنى تاپقان ئىستاتا. يەنە فىرانسىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان لىۋانلىق مەشھۇر شائىر ئەدۇنىس «دۇنيانى شېئىر قۇتقۇزىدۇ» دەپ خىتاب قىلىدۇ(ئىدرىس نۇرۇللا تەرجىمە قىلىپ چوغلان ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئېلان قىلغان سۆھبەت خاتىرىسىگە قاراڭ).

راست شۇنداقمۇ؟ شېئىر دۇنيانى قۇتقۇزالامدۇ؟ بىز ئىسپات ئۈچۈن قاراپ باقايلى! 1958 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى پاستېرناك رۇسىيەگە شۇنداق چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك شائىر بولۇشىغا قارىماي، قاباھەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ پايخاز قىلىنىشىغا قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال قىلالمىدى يەنى «دوختۇر ژىۋاگو» دېگەن رومانى ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رەت قىلىش، بولمىسا رۇسىيە چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئاخىر شائىر رۇسىيەنىڭ مېھرىگە قىيالماي، بۇ مۇكاپاتنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سۈرگۈنگە مەجبۇر بولغان يەنە بىر رۇس شائىرى بىرۇدىسكى 1991 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رۇسىيەلىك سۈپىتىدە ئەمەس، ئامېرىكا گىراژدانى سۈپىتىدە ئالدى. 1980 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئالغان مىۋوشمۇ پولشادا جېنىنى قوغدىيالماي ئامېرىكىغا قاچتى. دېمەك، گۈزەللىك ئاجىز كەلدى. شېئىر دۇنيانى ئەمەس، ئۇنى ئىختىرا قىلىۋاتقان شائىرنىمۇ ئۆز ۋەتىنىدە ئېلىپ قالالمىدى. شائىر رېئاللىقنىڭ تېپىشماقلىرى ئارىسىدا ئەنە شۇنداق ئاجىز.

بىز ئەمدى شېئىر مۇنبەرلىرىدە ئەدۇنىسنىڭ يۇقىرىقى قارىشىغا ئاھ ـ ۋاھ دەپ بولالماي قېلىۋاتقان بىر قانچە شېئىرىيەت ھەۋەسكارىغا سوئال قويايلى: شېئىر كىملەرنى قۇتقۇزۇپ بېقىپتۇ؟ مەيدانىمىز شۇكى، «دۇنيانى شېئىر قۇتقۇزىدۇ» دېگەن گەپتە ئېغىر بىر مەنتىقلىق خاتالىق بار. ئەسلىي گەپ مۇنداق بولۇشى كېرەك. شېئىر دۇنيانى

قۇتقۇزۇشتا لازىم بولىدىغان مەنىۋىيەتنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمما مەنىۋى دۇنيانىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ماددىي دۇنيانىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .

بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىگە قارىغۇلارچە ئۇچرىغان، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەپ ياشايدىغان، «شېئىر ھەممە نەرسە» دەپ ياشايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ئادەملەر بارلىقىنى بىز ئىنكار قىلمايمىز. ئەمما، كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئەدۇنىسنىڭكىگە پەقەت ئوخشىماي تۇرۇپ، بىقۇۋۇللۇقتا ئۆزىنى موھتاجلىقتىن قۇتقۇزالماي تۇرۇپ دۇنيانى، ئىجتىمائىي بۇرچىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، «شېئىر ئۈچۈن شېئىر» دەپ ياشاۋاتقان شائىرلارنى بىز تەنقىدلىمەي تۇرالمايمىز. سەۋەب، شېئىرغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن قېچىشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

«شېئىر ئۈچۈن شېئىر» دەپ ياشاش ئادەمنى ئېستېتىكىلىق ياتلىشىش قوينىغا غەرق قىلىدۇ. بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ پۇلغا دۆم چۈشكەن كىشىلەر ماددىي ياتلىشىش(پۇلدىن باشقىسى بىكار) نىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەپ ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۆزىگە يارىغان بىرەر شېئىر، بىرەر مىسرا، بىرەر شائىرغا مەست بولۇپ كېتىپ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ بىر قورقۇنچاققا، بىر بانانىسىمان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇ ئېستېتىكىلىق ياتلىشىش قوينىغا غەرق بولغان ئاشۇ دەقىقىدە بىر نارەسىدە سىڭلىسى شاخلاپ بېقىشنىڭ چۈشىنى كۆرۈۋاتقان بولۇشى، نېسۋىسى، ئىززىتى كۆز ئالدىدا پايخان بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن .

بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنداق دىۋان، بۇنداق دىۋان شەكلىدە ئەسەر قالدۇرغان بىر قىسىم شائىرلارنىڭ رېئاللىقتىن ئايرىلغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە شائىرلارنىڭ ئىچ پۇشۇقى ئەدەبىياتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. ئەمدى قارىساق، ئەتراپىمىزدا شېئىرىي دىتى ئۈستۈن، ئەمما ئىجتىمائىي ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوقالغان بىر قىسىم شائىرلىرىمىز بەخۇدلۇق ياشاشنىڭ، جاھانسازلىقنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ بىر خەتەرلىك سىگنال ئىدى. بىز بۇنداق شائىرلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوشۇق تەلەپمۇ كۇتمەيتتۇق. پەقەت «يوللۇق ئىنكاس قايتۇرۇشقا تېگىشلىك يەردە قايتۇر» دەپ ئاددىي تەلەپ قوياتتۇق.

جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ، «شېئىر ئۈچۈن شېئىر»، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەپ ياشاۋاتقان بۇنداق يازارلار ئەتراپىمىزدىلا، مۇنبەرلەردىلا تېپىلىدۇ. ئۇلار ھەتتا شېئىرنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، كالانپاي، ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك مىسرالارنى تۈزۈش ئۈچۈن ياشلىق پەسلىنىڭ ئالتۇن چاغلىرىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان ياشلىرىمىزنى تۈيۈق يولدىن ياندۇرۇشتا، پۇچەكلىككە قارشى كۈرەش قىلىشتا، ھەقىقەت يولىدىكى ئىككى ئېغىز راست گەپ قىلىش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ، يامان ئاتاققا قېلىشتىن قورقىدۇ. «شائىرنىڭ مەقسىتى يېنىش ۋە كۆيۈش» دەپ جارقىراۋاتقان ئەي شائىرلار، ئەمدى بۇ قانداق مەنتىقە بولۇپ كەتتى؟

شېئىر قالتىس نەرسە، مەنىۋىيىتىمىزنى گادايلىشىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەمما بىزنى قاباھەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ. «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دەپ، «شېئىر ئۈچۈن شېئىر» دەپلا ياشاش بىزنى ئېستېتىكىلىق ياتلىشىش قوينىغا غەرق قىلىدۇ ۋە رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھەقىقىي ئوقۇرمەنچە ئىنكاس قايتۇرۇش شېئىر يېزىشتىنمۇ مۇھىم.

بىز بۇ سىگنالنى بېرىپ بولۇپ، ئۇيغۇر رېئاللىقىمىزغا شۇنداق ئۈمىد بىلەن قارىغىنىمىزدا، مۇنداق خۇشاللىنارلىق بىر مەنزىرىنى ـ ئادىل تۇنىياز بىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن، قۇچىقىنى يېيىپ باھاردەك كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولماي تۇرالمىدۇق، ھاردۇقىمىزمۇ چىقتى.

بىزدە يۇقىرىقىدەك روھقا ئىگە ئادەملەر كۆپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ناھايىتى ئاز بولۇپ قالدى . نېمە ئۈچۈن ئابدۇقادىر جالالىدىندەك، ئادىل تۇنىيازدەك... ئادەملەر نوپۇسى خېلى بار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇنچە ئاز بولۇپ قالىدۇ؟ شېئىرنىڭ چەكلىمىلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان مۇتەپەككۇرلار ۋە تەنقىدچىلەر نېمىشقا شۇنچە ئاز بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش شۇنچە جىق تۇرۇپ، بۇ كوچىغا سىغدىلىپ كىرىۋالغان شائىرلار شۇ بىر يولدىن باشقا يوللارغىمۇ نەزەر سالمايدۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى شائىرلار مۇھاكىمىدە (شېئىردا ئەمەس) مەنتىقىلىق، رەتلىك پىكىر قىلىشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلغان چاغدىلا ھېس قىلالايتتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىلىرىنىڭ ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ دەۋرىدىن مەنتىقىلىق پىكىر دەۋرىگە كىرىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى



# «باھادىرنامە» نىڭ مەنىۋى باياندا...

ئوسمان قاۋۇل

يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ «باھادىرنامە» (مىللەتلەر نەشرىياتى 2010 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى) ناملىق كۆپ توملۇق تارىخىي رومانى نەشردىن چىقىپ شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا سېلىنىش بىلەنلا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا داغدۇغا پەيدا بولدى. «قەشقەر ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتاب شەھەرچىسى»دە ئىمزالىق كىتاب سېتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتنى پاسىل قىلغان ھالدا رومانىنى قىزىقىپ ئوقۇش، ئۆز ئارا مۇلاھىزە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، دوستلار ئارا سوۋغا قىلىش، تېزراق ئوقۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا كىرىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار قىزىپ كەتتى. رومانىنىڭ نەشردىن چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئەڭ دەسلەپ 2010 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى»دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، رومانىنى ئوقۇشقا قىزىققۇچىلار، پاتراق شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىشقا تەشنا بولغۇچىلار، شەخسىي كىتابخانىلىرىغا ئەكېلىشكە ئالدىرىغۇچىلار كۈنسېرى كۆپەيدى.

مەن ئاشۇ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى بىر زوقمەن ئوقۇرمەن سۈپىتىدە رومانىنى سېتىۋېلىپ مەخسۇس ئوقۇشقا باشلىدىم. ئالاھازەل 20 كۈنچە ۋاقىت ئىچىدە 6 توم، 2762 بەتلىك زور ھەجىملىك بۇ كاتتا تارىخىي رومانىنى ئوقۇپ بولدۇم. رومانىدا مەزمۇن، بەدىئىيلىك، تىل ئىشلىتىش، پىسخىك تەسۋىر، پېرسوناژلار خاسلىقىنى يارىتىش جەھەتلەردە پەۋقۇلئاددە ئۇنۇمغا ئېرىشكەن كارامەت ئەسەر ئىكەنلىكى بىلەن مېنى قاتتىق جەلپ قىلدى. رومانىنى ئوقۇپ ئاخىرقى بېتىنى ياپقىنىمدا ئۆزۈم بۇ رېئاللىقتا ئەمەس ئىدىم، تۇيغۇلىرىم، ئوي ـ پىكرىم ۋە مۇرەككەپ ھېسسىياتىم بۇنىڭدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا تەمتىرەپ يۈرمەكتە ئىدى. شۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىيات ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە تەسىراتىمنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلىدىم:

### بىرىنچى، «باھادىرنامە»دە يۇرت مۇھەببىتى

«باھادىرنامە»رومانى ۋەتەن تۇپرىقىنى جان تىكىپ، قان كېچىپ قوغداش، «ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە، باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ»(رومان 2656 ـ بەت)دېگەن روھنىڭ تۈرتكىسىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكنى ئۆزىنىڭ كەڭ سەھىپىلىرىگە باشتىن ـ ئاخىرى سىڭدۈرگەن بولۇپ، ھەر بىر تەپسىلات ھەم كىچىك دىئالوگلاردىمۇ ئەجدادلارنىڭ ئانا تۇپراقنى قوغداش ـ مۇھاپىزەت قىلىشتىن بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. مەيلى ئاچ ـ زېرىن قالغان ئاددىي پۇقرالار بولسۇن ياكى غورۇر ـ ۋىجدانى ئازراق بولسىمۇ بار يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۆزى تۇغۇلۇپ ياشىغان زېمىنىنى ئەزىزلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە «رەقىبكە رەقىب بولۇش باھادىرلىق، رەقىبنىڭ ئازاب ـ ستەملىرىنى كەچۈرۈۋېتىشمۇ ئوخشاشلا باھادىرلىق. ھەقىقىي ئەقىللىق ئىنسان رەقىبىنى دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ» («باھادىر نامە» 1017 ـ بەت)

دەيدىغان ئورتاق ئىستەك بولغاچقا ھەر قانداق بالا ـ قازاغا يولۇقسىمۇ ئۆزىنىڭ ئانا تۇپرىقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

بىز رومانىنىڭ تۇرپان، قومۇل، ئالمالىق ـ ئىلى ۋادىسى، ئاقسۇ ـ قەشقەر ماكانلىرىدىكى ھەربىر ياكى ماۋارەئۇننەھر ـ پەرغانە ئەتراپلىرىدىكى تەپسىلاتلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدىن يۇقىرىقى سۆزىمىزگە دەلىل تاپالايمىز. مەسىلەن: ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن موغۇل خانى ئىسان تايىشى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھەل قىلغۇچ جەڭمۇ بۇ سۆزىمىزگە ئەڭ ياخشى دەلىل بولالايدۇ. روماندا تەسۋىرلەنگەن تومۇز ئىسسىقتا جان تالىشىۋاتقان پۇقرالار، قەھرىتان سوغۇقتا جەڭ قىلىۋاتقان چېرىكلەر، ئانا يۇرتىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان خان ئائىلىرى، ئىچكىيلەر ۋە سەركەردە ـ سەرۋازلار، سەھرا نېمەتلىرىنىڭ شارابىتىدىن ئاران جان ساقلاۋاتقان بىچارە مەزلۇملارغىچە ھەممىسى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، خاتىرجەم ـ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ ۋە تەر ئاققۇزىدۇ. بىز ئۆز بۇرچىنى جان تىكىپ ئادا قىلىۋاتقان سادىق ۋەتەن ئوغلانلىرىدىن سەييد ئەلى ئالىپ، مۇھەممەد ھۇسەين مىرزىغا ئوخشاش ئوبرازلاردىن شۇ قەدەر سۆيۈنىمىز، ئۇلارنىڭ روھىدا ئۆز بۇرچىنى بەجانىدىل ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئاجايىپ يارقىن روھ چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، كۆرەلمەسلىك، سۇخەنچىلىكتەك ناچار، رەزىل خۇسۇسىيەت يوق. ئالىي كېڭەشلەردىكى ئورۇنلۇق مەسلىھەتلىرى، تۈرلۈك جەڭ تەدبىرى تۈزەشلەردىكى چېۋەرلىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت، ۋەتەن خائىنلىرى، پۇقرالارنىڭ گەجگىسىگە مىنىۋېلىپ قان شوراۋاتقان پارازىتلارغا قارشى ئۇنۇملۇك كۈرەشلەر ئۇلارنىڭ روھىنى، ۋۇجۇدىنى، قەلبىنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ.

«باھادىرنامە» دىكى يۇرتسۆيەرلىك چۇقانلىرى تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز روھىدا يېتىلگەن مەدەنىيەت، ئېتىقاد بىخلىرىنىڭ ۋايىغا يېتىپ گۈللىنىشى، كىشلەر ئېڭىدا ئۆزگىچە تەرزدە زاھىر بولۇشى بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئاجايىپ زور ئىستېداتى ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئىنتايىن يۈكسەك تارىخىلىققا ۋە چىنلىققا ئىگە قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى تەپسىلاتلار، پىشقان تىل ياردىمىدىكى بايانلار، چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر ۋە قايىل قىلىش كۈچى زور مۇھاكىمىلەر ئوقۇرمەنىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەتەن ـ يۇرت سۆيگۈسى، ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇلىرى بىلەن بېرىكىپ كىشى كۆڭلىدە ئىپادىلىگۇسىز بىر سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا كۈچلۈك مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئويغىتىدۇ. مانا بۇ «باھادىرنامە» دە ئالغا سۈرۈلگەن يۇرت مۇھەببىتىنىڭ ھەقىقىي، چىن ۋە رېئال تارىخىي كۆرۈنۈشى. شۇنداقلا، ئەجدادلارنىڭ ۋەتەنسىزلىكنى ئار ـ نومۇس بىلىپ، يۇرتىنى سۆيۈشنى ئەزەلدىن شەرەپ ھېس قىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلى، خالاس.

### ئىككىنچى، «باھادىرنامە»دە تارىخىلىق

رومانىنىڭ تارىخىي قاتلىمى شۇنىڭدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەنكى، ئۇ تارىخىمىزدىكى مۇرەككەپ، ئەگرى ـ توقاي زور بىر دەۋرنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. رومانىدىكى رېئال تارىخىي ۋەقەلەر، ھەر قايسى خان ئوردىلىرىدىكى ئىچكى نىزالار، تەخت تالىشىش داۋامىدىكى يوشۇرۇن ھەرىكەت ـ سۇيىقەستلەر، كىشلەر ئارا دوستلۇق ـ مېھرىبانلىق ۋە سۇخەن ـ ئاداۋەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، گۈزەللىك ھەم رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ـ ئاشكارا جەڭلەر، ئىلىمگە ئىنتىلىش ھەم ئىشانىزمنىڭ ئاسارىتىدىكى توختاۋسىز كۈرەشلەر...رومانىنىڭ تارىخىي چىنلىقىنى ئاشۇرغان بولۇپ، تەپسىلاتلارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە كىشىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى تەڭلا ئۇلغىيىپ بارىدۇ. «بىز مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالىغان خەق بولغىيمىتتۇق؟ ھەم شۇنداق رەزىللىكلەرمۇ بىزدە شۇ قەدەر كۆپ يۈز بەرگەن بولغىيمىتتى؟!...» دېگەندەك زىددىيەتلىك سوئاللار ھەدىگەندىلا ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بىز دەسلەپ «يۇلتۇزلۇق تۈنلەر» رومانىدىكى تەسۋىرلەر، «بابۇرنامە»دىكى ۋەقەلەر، «تارىخىي رەشىدى»دىكى تەپسىلاتلاردا كۆزگە چېلىققان ئىش ـ ۋەقەلەرنى غىل ـ پال ئەسكە ئالغاندەك بولىمىز ـ دە، ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ بۇ روماندا بەدىئىي يوسۇندا ۋايىغا يەتكەنلىكىنى، يەنىمۇ تاكامۇللاشقانلىقىنى ۋە تەپسىلىي بىر سىستېمىغا ئايلاندۇرۇلغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. بۇ نۇقتا 2010 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پېرۇلۇق يازغۇچى مارىيو بارگاس لوسا (1936 ـ يىلى 28 ـ مارت) نىڭ: «ئۇلۇغ رومان، رېئاللىقنى ئۆلۈك كۆچۈرۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنى پارچىلاش ھەمدە مۇۋاپىق ھالدا ئۇلارنى قايتا قۇراشتۇرۇش ياكى مۇبالىغىلەشتۇرۇش. بۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، رېئاللىقنى كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىلەشنى تېخىمۇ موللۇققا ئىگە قىلىش ئۈچۈندۇر...مېنىڭچە، مەلۇم ماھارەت ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ئالدى بىلەن پىروزىنىڭ خام ماتېرىيالى بەلگىلەيدۇ. ئەڭ مۇنەۋۋەر پىروزا چوقۇمكى، خام ماتېرىيالنى ئىسراپسىز ھالدا تولۇق ئىشلىتەلىگەن، تاق بىر نۇقتىدىن ئەمەس، كۆپ نۇقتىدىن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەن پىروزىدۇر.» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2010 ـ يىلى 6 ـ سان) دېگەن بايانىغىمۇ ئىنتايىن ماس

كېلىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاپتورنىڭ بىر تۈرلۈك ماھارىتىنىڭ نەتىجىسى، خالاس.

شۇنداق، «باھادىرنامە» بىر بۈيۈك جەڭنامە بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاجايىپ باھادىرلىق تەسۋىرلەنگەن تارىخىي قىسسەدۇر. ئۇنىڭ نامىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى ئەينى زامان تارىخىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن ھەقىقىي ئىش ۋە ھەقىقىي ئادەملەردۇر. ئاپتور بۇ جەھەتتە سۇلتان ئۇۋەيسخان، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، سۇلتان يۇنۇسخان، مىرزا ئۇلۇغبەگ، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر،سۇلتان ماھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان(ئالاچەخان)، مىرزا ھەيدەر كورەگان،سۇلتان خاتۇن بېگىم، خانىش ئىسان دۆلەت بېگىم قاتارلىق يۈزلىگەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئاجايىپ رەڭگارەڭ ۋە مۇرەككەپ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئەينى زاماندا يۈز بەرگەن ئاجايىپ دەھشەتلىك جەڭ ـ يېغىلارنىمۇ خۇددى تارىخىي ھۆججەتلىك فىلىملاردا تەسۋىرلەنگەندەك چىن ھەم كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ جەڭدە سەپ تۈزۈش ماھارەتلىرى، ياۋغا قارشى تۈرلۈك تەدبىرلەر، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە چېكىنىش ئۇسۇللىرى، يېغىلارنىڭ سەپ تۈزۈش ماھارىتىگە قاراپ شۇ قېتىملىق جەڭنىڭ نۇسرەتكە ياكى مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن غەلىبە ـ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ يېتىش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە كىشىنى گويا ئاشۇ نەق مەيدانغا بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بىز رومانىنى ئوقۇۋېتىپ ئەينى زامان تارىخىمىزنىڭ بىر قەۋەت پەردە ئىچىدە تۇرۇپ بىزگە يۈز ئېچىۋاتقانلىقىنى ئەينەن كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىمىز. گاھى خۇشاللانساق گاھى تەپسىلاتلاردىن چەكسىز ئازابلىنىمىز... ئادىل پادىشاھلارنىڭ قازاقلىق(قاچقۇنلۇق) ھاياتى بىزنى ئېچىندۇرسا، دوستمۇھەممەدخاندەك زالىم،قىلىقسىز پادىشاھلارنىڭ ئەلنىڭ ئاھۇزارىغا قۇلاق سالماي،ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس كۆڭلىنى ئېچىش بىلەن بولۇپ كەتكەن كۆرۈنۈشلىرى، بولۇپمۇ ماڭلايسۇيە پايتەختى ئاقسۇ شەھىرىنى كەلكۈن بېسىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلگەندە قۇمئېرىق دەرياسى بويىدا كۆكۆل ئاچقان كۆرۈنۈشى كىشى كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلىدۇ. مىرزا ئابابەكرىدەك قانخورلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشى، خوتەندە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىۋېتىپمۇ يەنە ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارنىڭ بېشىنى ئالغان نامەرد ـ خۇمسىلارچە قىلىقى، ئۆز ئىنىسى مىرزا ئۆمەرخاننىڭ كۆزىگە مىل تارتىپ كور قىلدۇرۇشى يۈرىكىمىزنى تەكرار ـ تەكرار تىلغاپ ئۆتىدۇ. ئالدىنقىلارغا ھەۋەس ۋە ھېسداشلىق قىلساق كېيىنكىلەرگە نەپرەتلىنىمىز. ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن «تەكەببۇرلۇق ۋە كىبىر، شەھۋەت، ھاياسىزلىق، ھاماقەتلىك، زۇلۇم، ھەسەت، ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتى پالاكەتتۇر»(«باھادىر نامە» 1860 ـ بەت) دېگەن يەكۈننىڭ چىقىرىلغانلىقىدىن ئاجايىپ بىر تەسۋىرلىگۈسىز قانائەتكە ئېرىشىمىز.

ئۈچىنچى، «باھادىرنامە»دە جۇغراپىيە

بىز ئاز بىر قىسىم تارىخىي كىتابلار ياكى رۇسىيە، ئۆزبېكىستانلارنىڭ «چىڭگىزخان»، «باتۇخان»،«ئاخىرقى دېڭىزغا يۈرۈش»،«نەۋايى»، «يۈلتۇزلۇق تۈنلەر»، «ھۇمايۇن»، «ئەكبەر»دېگەندەك بىر قىسىم مەشھۇر تارىخىي رومانلىرىدا چېلىقتۇرغان يەر ـ جاي، دەريا ـ جىلغا، ساي ـ ئېدىرلارنىڭ، خەتەرلىك تاغ، دەھشەتلىك قىيالارنىڭ ناملىرىنى كۆرگەن بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىلىرى يېزىپ چىققان بەدىئىي ئەسەرلەردە ئۇنچە زور ھەجىمدىكى جۇغراپىيەلىك ساۋاتلارنى كۆرۈشكە تېخى مۇيەسسەر بولمىغاندۇق. بۇ جەھەتتىكى زور بوشلۇق پەقەت «باھادىرنامە»دىكى ئاجايىپ تەپسىلىي، ئىنچىكە تەسۋىرلەر ئارقىلىقلا تولدۇرۇلدى. بىزدە ھە دېسە ھېسسىياتقا بەك بېرىلىپ كېتىپ تارىخىي چىنلىققا سەل قاراش، چوقۇم ھەقىقىي چىنلىق بىلەن ئىپادىلەشكە تېگىشلىك جايلارنىمۇ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ ياردىمىدە ئۇرۇپ ـ سوقۇپ بىر ياقلىق قىلىدىغان ئەھۋال ئېغىر ئىدى. ئەكسىچە «باھادىرنامە» دىكى تەپسىلاتلار كىشىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە چىن ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر بىلەن ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تەبىئىي كۆرۈنۈش ھالىتىدە ئالدىمىزغا قويۇلۇپ، بىزنى چەكسىز قايىللىق ئالىمىدە يايراتتى.

بىز ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن شەرقتە بارسكۆل (ھازىرقى باركۆل) ياپلاقلىرىدىن تارتىپ غەربتە ھىرات، قۇندۇز، ھەتتا ئىراننىڭ مەشھۇر قەدىمىي شەھىرى ئىسفاھانغىچە، جەنۇبتا ئالتۇنتاغدىن تارتىپ شىمالدا ھەزەر دېڭىزى بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز كەڭ زېمىندىكى ئاجايىپ گۈزەل ۋادىلارنى كۆرگىنىمىزدە ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن مۇغۇل خانى ئىسان تايشى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنى، كوھەك، ئامۇ، سىر، مۇرغاپ دەريا بويلىرىدىكى ھەيۋەتلىك جەڭ مەيدانلىرى، ئىس ـ تۈتەكلىك بارگاھلار، توپ ـ زەمبىرەك، مەنجانىقلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى، جەڭ ئارغىماقلىرىنىڭ غەزەپلىك كىشنەشلىرى، يا ئوقلىرىنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچۇشلىرى قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بولىدۇ. چىر دەريا بويىدىكى مەشھۇر ئۇرۇش، قانخور ئىستېلاچى، ئۆزىنى «ئىسكەندەر سانى» دەپ خۇتپىدە جاكارلاتقان ئەشەددىي

ھىيلىگەر پادىشاھ مۇھەممەد شەيبانىخانىنىڭ بېشى كېسىلىپ، تويىماس كۆزى قانغا تولۇپ، باش سۆڭىكى ئىران شاھى ئىسمايىلخان تەرىپىدىن ئالتۇن يالىتىلغان شاراپ كومزىكى قىلىنىۋېلىنغان كۆرۈنۈشلەر كىشىنى ھەقىقەتەن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق ۋەقەلەرنى يېزىشتا قانچىلىك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيەدە تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارىدۇ. ئەگەر ئاپتور ئۇزاق يىللىق تەييارلىق بىلەن ھەر تەرەپلىمە بىلىم جۇغلانمىسى توپلىماي تۇرۇپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە بۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولاتتى. شۇڭا بۇ روماندا ھەر بىر تەپسىلات، ھەر بىر ئادەتتىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن تارتىپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغىچە ھەممىسىنىڭ شۇ قەدەر چىن ۋە قايىل قىلارلىق تەسۋىرلىنىشى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر كىچىك ھالقىلارنىمۇ تارىخىي چىنلىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، قولنىڭ ئۇچىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنىڭ ئۆزى ئاپتوردىكى يۈكسەك ئىجادىيەت ئىستىلى، خەلق، مىللەت، تارىخ ئالدىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. مانا بۇ روماننىڭ چىنلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

مەن روماننى ئوقۇش داۋامىدا خۇددى ئالدىمدا باشتىن ـ ئاخىر بىر پارچە زور ھەجىملىك خەرىتە يېيىقلىق تۇرغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. ئۇنىڭدىكى تەكلىماكان بويلىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەر، قەسەبە(بازار) ـ ئۆتەڭلەر، ئۇش، ئىسسىقكۆل بويلىرى، كەڭ كەتكەن پەرغانە ۋادىسى، ماۋارەئۇننەھردىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى...سودا ـ سېتىق، تۇرمۇش ئادەتلىرى، توي ـ تۆكۈن، قۇدا ـ باجىلىق يوسۇنلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقان ـ چارۋىچىلىق، مال ـ چارۋا، ئاتچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەمەرقەنت شەھىرىدىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئوردا ـ سارايلار، قەسىر، مەدرىسە ـ مەسچىتلەر ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك بولدى. ۋەقەلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا چىقىۋاتقان تاغ ـ دالالار، دەريا ـ كۆل، جىلغىلار، مۇنبەت ئېكىنلەر خۇددى بىر پارچە ماي بوياق رەسىمدەك گەۋدىلىنىپ، جۇغراپىيە ساۋاتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

تۆتىنچى، «باھادىرنامە»دە تىل

«باھادىرنامە» روماننى سۆز دېگىنى دېسەك ئارتۇق

كەتمەس، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى رومان گۈزەل ۋە ئىپادىگە باي ئانا تىلىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بۇ قەدەر پاساھەتلىك، بۇ قەدەر يېقىملىق، بۇ قەدەر چىن، بۇ قەدەر ھەيۋەتلىك، بۇ قەدەر مۇپەسسەل ھالەتتە ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى. (ھەر قانداق ئەسەر تىلىنىڭ ياردىمىدە بارلىققا كېلىدىغان بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمايدىغىنى كۆپچىلىككە ئايان. بۇ يەردىكى گەپ پەقەت مۇشۇ رومان ئۈستىدىلا بولۇۋاتىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھۆرمەتلىك ئاپتورىمىزنىڭ بۇ روماننى يېزىش جەريانىدىكى شىجائەت ۋە غەيرىتىگە، يۈكسەك ماھارىتىگە چەكسىز رەھمەت ئېيتماي ۋە قايىل بولماي تۇرالمايمىز... چۈنكى ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن مۇھىت، تۇرمۇش، جەڭ مەنزىرىلىرى،ئۆرپ ـ ئادەتلەر، چوڭ ـ كىچىكلەر ئارا سۆزلىشىشتىكى ھۆرمەت ـ تەۋەززۇلار بىزنى قايىل قىلىدۇ ۋە ھەيران قالدۇرىدۇ. پۈتكۈل ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىدە باشتىن ـ ئاخىر زورۇقۇش، ھالسىراپ قېلىش ئەھۋالى يوق. مەيلى 1 ـ تومدا بولسۇن ياكى6 ـ تومدا بولسۇن ئىنتايىن يەڭگىل، راۋان، گۈزەل، يېقىملىق بەدىئىي تىل ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. مەن ئەسەرنى ئوقۇش داۋامىدا مەشھۇر شائىرىمىز، مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجانىڭ خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا چاقچاق قىلىپ: « ئابدۇكېرىم، ‹سۇ بويىدا›،‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›لەرنى تەرجىمە قىلىشقا تىلىڭلارنىڭ قۇدرىتى يەتتىمۇ؟» دېگەن سوئالىغا: « تىلىمىز ئۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا بىمالال يېتىپ يەنە بىر تاغار ئېشىپ قالدى» دېگەندەك يۇمۇرىستىك جاۋابى پات ـ پات ئېسىمگە كېلىپ، مېنى تىنىمسىز قايىل قىلىپ تۇردى. ئاپتورنىڭ سۆز بايلىقىغا، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ سالاھىيىتى، مىجەز ـ خۇلقى، ئورنى، ئىمتىيازى، ئورۇن ـ جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قانداق گەپ قىلىش لازىملىقى جەھەتتىكى پاراسىتىگە چەكسىز قايىل بولدۇم. مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھەر ئىككىلىسى قۇدرەتلىك پادىشاھ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ سۆز ئۇرانى ھەرگىز ئوخشىمايتتى. زەھىررىدىن مۇھەممەد بابۇر بىلەن مۇھەممەد شەيبانىخانمۇ ئوخشاشلا پادىشاھ. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ سۆزلىرى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قاراش ۋە ئىستەككە ئىگە، خاراكتېرى، ئارزۇ ـ ئارمىنى، كۆزلىگەن مەقسىتى، ھاياتقا بولغان قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر ئىدى. بۇ نۇقتىنى يازغۇچى ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە ماس ھالدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. قىسقىسى، روماندا تەسۋىرلەنگەن چوڭ ـ كىچىك نەچچە يۈزلىگەن

پېرسوناژنىڭ مىجەزى، خاسلىقى ماس ھالدا يارىتىلىپ، ئەسەرنىڭ چىنلىقى ئۈنۈمدارلىقتا ئىپرىشتۈرۈلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىنىڭ ئانا تىلىمىزغا نەقەدەر پۇختا ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي، تارىخىي، رېئال تىل ئادەتلىرىمىزنى نەقەدەر پىششىق ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مەنزىرە، ھالەت، پسىخىك تەسۋىر جەھەتتىمۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى نامايان قىلغان. تىلدىكى يېڭىلىك بىلەن گۈزەللىك، يوشۇرۇن مەنىلەرنى جايلاشتۇرۇش بىلەن ئەينى مۇددىئانى تاپشۇرۇش، ھەر خىل كىلىمات ئۆزگىرىشلىرى، تاغ جىنسلىرى، گۈل ـ گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، قاتارلىقلار ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن.

قىسقىسى «باھادىرنامە» رومانى ئانا تىلىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، پاساھىتى ۋە كارامىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، ئانا تىلىمىزغا بولغان پەخىرلىنىش، ھۆرمەت، قايىللىق، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىمىزنى ئويغاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يازغۇچىدا قانداق ئىدىيەۋى تەييارلىق، تىل تەييارلىقى، ئىجادىيەتكە كىرىشىش تەييارلىقى، كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش تەييارلىقى، ئەل ـ ئۇلۇس ئالدىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت تەييارلىقى قاتارلىق بىر قاتار تەييارلىقلارنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى. بەزى ئەسەرلەرنىڭ خام ـ خاتا، چۇۋالچاق چىقىپ قېلىشىدا شۇ ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىز ۋە بىپەرۋالىق قىلغانلىقىغا نىسبەتەنمۇ بىر قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئانا تىلغا، ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىگە بولغان ھۆرمەت ۋە چەكسىز مەسئۇلىيەتنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى ئىدى. مېنىڭچە ئەمدى بۇ رومانىنى ئوقۇپ چىققان ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇن قانداق ئەسەرلەرنى يېزىپ «يازغۇچى»ئاتىلىپ يۈرگەنلىكى بىلەن بۇندىن كېيىن قانداق ئەسەر يېزىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ كۆرىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشى كېرەك.

«ھەقىقىي بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر بىر پارچە كىتاب ئۇنىڭ ئۆزى تېخى يېتىپ بولالمىغان ساھەلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى كېرەك. يازغۇچى چوقۇم كىشىلەر ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ياكى قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ئىشلارنى سىناپ بېقىشقا ئۆزىنى بېغىشلىشى لازىم. شۇندىلا ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش شەرىپىگە ئېرىشەلەيدۇ» دەيدۇ ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ئېرنېست ھېمىڭۋاي. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئاپتور گۈزەل تىلىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئۆتكەلدىن تولۇق ئۆتۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپتۇر.

### بەشىنچى، «باھادىرنامە»دە ھېكمەت

بۇ رومان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆز ئەكسىگە قايتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاجايىپ پەلسەپىۋى ھېكمەتنى ئۆزىگە باش تېما قىلغان بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ تۇرپاندا سەلتەنەت تىكلىشىدىن باشلىنىپ، سەئىدىخانىنىڭ ياركەنتتە تەختتە ئولتۇرۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يەنى ئۇلار خان ـ پادىشاھلىقنى تۇرپاندا قۇرۇپ، ئاقسۇدا زاۋال تېپىپ، ئىلى ـ ئالمالىق، تاشكەنت ـ سەمەرقەنت، قوقەنت ـ بۇخارا، ئاخسى ـ ھىراتلاردا دەۋرى ـ دەۋران سۈرۈپ، سەلتەنەت ۋە قۇدرەتتە كامالىغا يېتىپ يەنە ئاقىۋەتتە ۋەيرانچىلىقتا يۈزلەنگەندە ياركەند دىيارىدا قايتا باش كۆتۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلىنىدۇ ھەم تارىخىمىزدا ئەينى شۇنداق بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتورنىڭ تىل پاساھىتى ۋە سۆز ئىشلىتىش بالاغىتى خاسىيىتىدىن ھەر بىر بەتتە دېگۇدەك ئاجايىپ گۈزەل، مەنتىقلىق ھېكمەتلەر، شەرقچە پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان چوڭقۇر مەنىلىك جۈملىلەر، ھېكمەت ھەم ئەقىل ـ پاراسەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان دۇردانە پارچىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق ھېكمەتلەرگە تويۇنغان جۈملىلەردىن بىر نەچچىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ھەقىقىي ئەركەك ئۈچۈن ئىشق ئازابىغا مۇپتىلا بولۇش بەخت، كۆيۈك ئوتى مۇھەببەت ئەھلىنى تاۋلايدۇ، چىن ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.»(184 ـ بەت)

«قەلبىدە دانالىق گۆھىرى بار تۇرۇقلۇق، نادان، پاسىق كىشىنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ئەخمەقلىقتۇر.» (1139 ـ بەت)

«مەگەر ئىنسان خەيرخاھلىق، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىقتا باشقا ئادەملەر ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزى ۋە ئۆز روھى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت نەرسە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بولسا، ئول چاغدا ئول ئادەم ئىنسانىي كامىللىقتا يەتكەن بولىدۇ.» (1421 ـ بەت)

«زالىمنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتنى كۆرگەن كۆزلەر ئويۇلىدۇ، ھەقىقەتنى سۆزلىگەن تىللار كېسىلىدۇ.» (1611 ـ بەت)

«بىر كىشى ئۆزىنى چۈشەنمىسە ئىلىمنى، ئىلىم ئەھلىنى، ياخشى كىشىلەرنى، ياخشى نەرسىلەرنى بىلمىگەي.» (2076 ـ بەت)

«ساداقەت يولىدىن چىقىش ۋە يالغان ئېيتىش ھەممە سۈپەتلەرنىڭ يامانراقىدۇر». ( 2625 ـ بەت)

«ئىنسانغا تاجۇ تەخت، بايلىق ۋە زىبمەندىنمۇ كاتتا بىر نەرسە زۆرۈردۇر، ئۇ بولسىمۇ ۋاپا ۋە مەردلىكتۇر. مەردلىك بىلەن ئۇلۇش غۇرۇرىنى پايخان قىلىپ ياشىغاندىن

ئەۋزەلدۇر.» (2673 ـ بەت)

ئەسەردە بۇنىڭغا ئوخشاش جۈملىلەر كۆپ بولۇپ ئاپتورنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ھەم پىشقان تىل ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىز «باھادىرنامە»نى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئاپتورنىڭ سۆز ـ جۈملىلەردە مەنتىقىلىق خاتالىقتا، تەكرار ئىبارىلەرگە، مەززىسىز مۇلاھىزىلەرگە يول قويغانلىقىنى ھېس قىلمايمىز. بۇنىڭ ئۆزى ئاقىۋەتتە يۇقىرىقىدەك مۇستەھكەم، ئۇيۇل ھېكمەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۇل ھازىرلىغان. بۇ ئاپتوردىكى توختاۋسىز ئىزدىنىش روھىنىڭ، ئانا تىلغا بولغان ئىخلاس ـ ھۆرمىتىنىڭ، «سۆز خامىنى ئىچىدىن باشاق تېرىشكە ماھىر» (نەۋايى) بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر ھەمدە تارىخىي روماندا ھەر جەھەتتىكى تارىخىيلىقتا چوقۇم قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى چىن مەنىسىدىن تونۇپ يەتكەنلىكىدىندۇر.

ئالتىنچى، «باھادىرنامە»دە ئىلىم ـ پەن

روماندا ئىلىم ـ پەنگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىشتىياق ئىنسانىنىڭ مۇكەممەللىكى ھەم كامىللىقىنىڭ تىپىك بەلگىسى سۈپىتىدە كۆيلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئەينى زامان تارىخىدىمۇ شۇ تەرزدە راۋاج تاپقان. رومانىدىكى بۈيۈك ھۆكۈمدار مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەزەلدىن ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئالدىنقى نىشان قىلىپ ياشىغان پادىشاھ. ئۇ شۇ تۆھپىسى بىلەن دۇنيا ئىلىم ـ پېنىنىڭ نۇرلۇق شامىنى ياندۇرۇپ، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، شېئىرىيەت، تارىخ ـ تەزكىرىشۇناسلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ دۇنيا تارىخىدا تېگىشلىك نام قالدۇرغان ئۇلۇغ شەخس. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى تۆھپىسى تا ھازىرغا قەدەر جاھان ئىلىم كۆكىدە خىرەلەشكىنى يوق. جۈملىدىن ئۆزى بىۋاستە كۆزىتىش ئارقىلىق «ئۇلۇغبەگ 1018يۇلتۇزنىڭ ئورنىنى ناھايىتى توغرا ئۆلچەپ سىزىپ چىققان»

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى 3 ـ سان 79 ـ بەت)

ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا، سەمەرقەنت شەھرىدە رەسەتخانا قۇرۇش داۋامىدا ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش باشچىلىقىدىكى ئەشەددىي سوپى ـ ئىشانلار بىلەن قىلغان كەسكىن كۈرەشلىرىگە روماندا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر كەبى ئىلىم ھامىيلىرىنىڭ، ئۇنىڭ ئۆزى يېزىۋاتقان «ۋەقائى (بابۇرنامە)»نى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە شېئىرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئىجادىيەتچىلەرگە ھەمكارلىشىپ ئىلىم ـ پەن چىراغلىرىنى ياندۇرۇش، ئەلشىر نەۋايى بىلەن مەكتۇپ ئالماشتۇرۇشۇپ پىكىرلىشىش، نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىش، سەئىدخانىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈپ شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلاش ۋە ئۆزىمۇ بىر بۆلۈك ئېسىل غەزەللەرنى ئىجاد قىلىشى قاتارلىق تەپسىلاتلار رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، چىنلىق دەرىجىسىنى يەنىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. چۈنكى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئوقۇللاردا ئوقۇتۇلماقتا ھەم بىزنىڭمۇ مەنىۋىيىتىمىزنى ئۈزۈكسىز بېيىتماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «باھادىرنامە»دە ئوردا ـ ساراي قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتلىرى، شەھەر سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت چېگراسىنى بېكىتىشكىچە بولغان نۇرغۇن ساھەلەردىن ئوقۇرمەنلەرگە يېتەرلىك بىلىم بېرىلگەن.

بىز رومانىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىمىزكى، ئىجتىھات ۋە توختىماي ئىزدىنىش روھى بولىدىكەن ئىجادىيەتتە چوقۇم كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ، مانا شۇ جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئاپتور ئاخىرى بۇ شەرەپكە نائىل بولدى، ئەلۋەتتە.

رومانىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۇتۇقى ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە ئۇستىلىق بىلەن مۇراجىئەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئەسەر مۇكەممەل ئەسەرلىك ھالىتىگە كېلىش ئۈچۈن چوقۇم بەدىئىي جەھەتتىن كېرەك بولىدىغان بارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىمىقى كېرەك. «باھادىرنامە» روماندا بۇ جەھەتتىكى شەرتلەر تولۇق، مۇكەممەل، ئەقىلگە ۋە ئەمەلىيەتكە لايىق ھالدا ئورۇندالغان ـ دە، ئەسەرنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، بەدىئىي كامالىتى يەنىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشقان. ئەسەردىكى، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، مۇھاكىمە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ئەسەر ۋەقەلىكىنى ھەم چىنلىقىنى ئاشۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئاپتور ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان تەبىئەت ھادىسىلىرى، تۇر ـ جىنسلار،خاراكتېرلارنى يورۇتۇش، ھەربىي ئىشلار، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى ئۆتكەن خان ـ پادىشاھلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئەينى ۋاقىتتىكى تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ جەمئىيەتكە، دۆلەت تۈزۈلمىسىگە كۆرسەتكەن سەلبىي تەسىرلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ـ دە، رومانىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى تاكامۇللۇقىنى ئاشۇرۇشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت

قىلدۇرغان.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ روماننىڭ دەسلەپكى تىراژى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق سەۋەبىدىن قايتا نەشر قىلىنىپ نەشرىياتنى ئالدىرىتىپ قويدى. بۇنىڭدىن بىز روماننىڭ بەدىئىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئۇنۇمىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ۋە ئاپتورنىڭ بۇ رومانىنى يېزىشتا ئاققۇزغان تەر ۋە ماڭغان قۇتلۇق قەدىمىنىڭ بىھۇدە كەتمىگەنلىكىنى ئويلاپ خۇشاللانماي ھەم پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. قازاق خەلقىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى شامىس قۇمار «يازغۇچى مىللەتنى غۇرۇرلاندۇرالايدىغان تېمىلارنى يېزىشى لازىم. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئارتىسقا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇ ھاياتتا ئۆزىگە يارىشا رول ئېلىپ تېگىشلىك ئىز قالدۇرۇپ ماڭغۇچىدۇر. ئۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك» دەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا رومان ئاپتورى ھەقىقەتەن مىللەتنىڭ تارىخىي تەقدىرى ئۈستىدە تېگىشلىك خىزمەت قىلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى يېتەرلىك تۈردە ئادا قىلغان قەلەمكەش بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

ئاپتور روماندا يۇقىرىقى ئۇتۇقلىرى بىلەن بىللە يەنە تۆۋەندىكىدەك قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ يول قويغان.

بىرىنچى، ئاپتور روماندا باشتىن ـ ئاخىر خان ـ پادىشاھلار تۇرمۇشىنىلا تەسۋىرلەشكە كۆچەپ كېتىپ، ئادەتتىكى پۇقرالار ھاياتىغا بېغىشلانغان سەھىپە يېتەرلىك بولماي قالغان ـ دە، ئوقۇرمەندە شۇنچە دەھشەتلىك ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ياشاۋاتقان ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولغىيتتى؟ ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىچۇ؟ ھەممە پۇقرا پادىشاھ قانداق سىياسەت يۈرگۈزسە شۇنىڭغا لەببەي دەپ قاراپلا تۇرغان بولغىيمىتتى؟ خان ـ پادىشاھلار سەرگەردان بولۇپ ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىدا يۈرگەندە تەكلىماكان بويلىرىدىكى خەلق نېمىلەرنى قىلىپ نېمىلەرنى ئويلىغان بولغىيتتى؟ دېگەندەك گۇمانىي قاراشلار پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولغان.

ئىككىنچى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كاشغەر رومان ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ رومانىدىمۇ باشتىن ـ ئاخىر «قەشقەر»دەپ ئېلىنغان، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بولسا بۈيۈك تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەشكە دائىر تۈرلۈك پائالىيەتلەر سەۋەبىدىن يەنە كاشغەر دەپ ئاتاش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا روماندا تەسۋىرلەنگەن شۇ زاماندا زادى «قەشقەر» دېيىلەمتى ياكى «كاشغەر»مۇ؟ ئاۋام ئارىسىدا ئۇنىڭ يەنە قانداق ئاتالغۇلىرى بار ئىدى؟ بۇ نۇقتىنى ئاپتور قايسى نۇقتىدىن ئويلىشىپ كۆردى؟ روماندا «قەشقەر» دەپ ئېلىنىش ئەمەلىيەتتە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرمۇ ئوقۇرمەننى ئويلاندۇرىدىغان نۇقتا بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، روماندا تەسۋىرلەنگەن ئەينى ۋاقىت سوپىزمنىڭ تازا باش كۆتۈرگەن مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدىغان بولسىمۇ، ئەسەردە بۇ نۇقتىغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلمىگەن. ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپ ـ سوپىزم مەسىلىسى بىر غايەت چوڭ سىستېما بولۇپ ئەينى دەۋر ئىدېئولوگىيەسىگە، دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ۋە ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتمەسلىكى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئاپتور مۇشۇ نۇقتىدا تېخىمۇ ئىزدىنىپ شۇ دەۋر سوپىزمىنىڭ ئىدىيەسى، تەسىرى، كۆز قارىشى، جەمئىيەتكە ۋە ھاكىمىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ھەققىدە تېگىشلىك قىستۇرمىلارنى بېرىۋەتكەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە رومان ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئەسەردىكى ھەربىي ئىشلار مەسىلىسى، دۆلەت باشقۇرۇش، شەھەر ـ قەلئە قۇرۇلۇشى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇش، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، دېھقانچىلىق، قۇرال ـ ياراغ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم، سىستېمىلىق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىمەي بولمايدۇكى، «باھادىرنامە»بىر زور ھەجىملىك تارىخىي رومان. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى ھېچقاچان يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان بىر نەچچە يېتەرسىزلىك (شەخسەن مېنىڭ نەزىرىمدىكى) بىلەن كەملەپ قالمايدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز پايانى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى شانلىق بىر سەھىپىنى ئاچتى.

ئومۇمەن، «باھادىرنامە»ناملىق كۆپ توملۇق تارىخىي رومان ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىمىز ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ ئۇزاق مەزگىللىك پۇختا تەييارلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، ھەر جەھەتتىن ئۇتۇقلۇق چىققان نادىر بەدىئىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئاجايىپ كەڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تارىخىي ـ جۇغراپىيەۋى قىممىتى، تىل بايلىقى ھەم گۈزەل ئېستېتىك ئارتۇقچىلىقى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپتۇر.

2011 ـ يىلى يانۋار، قاراماي

---

ئاپتور: يازغۇچى، «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى




## ئوباما «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نى ئوقۇغانمۇ؟

ئوباما چوقۇم «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نى ئوقۇغان چېغى، دەپ قىياس قىلىپ قالدىم. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بۇ يىل 25 - ئاپرېلدا سۆزلىگەن بىر تەزىيە نۇتقى بىلەن «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نىڭ ئوخشاپ قالىدىغان تەرەپلىرى بەكلا كۆپكەن. يەنە كېلىپ ئۇلار تەزىيە بىلدۈرگەن كىشىلەرمۇ ساپلا ئادەتتىكى پۇقرالار ئىكەن. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نىڭ خاتىرىلەش ئوبيېكتى جاڭ سىدې ئىدى. جاڭ سىدېمۇ ئوخشاشلا ئاددىي بىر جەڭچى بولۇپ، 1944 - يىلى 5 - سېنتەبىر شىمالىي شەنشىنىڭ ئەنسەي ناھىيەسىدە كۆمۈر كۆيدۈرۈۋاتقاندا تاغ گۈمۈرۈلۈپ كېتىپ بەختكە قارشى قۇربان بولغان. ئوباما خاتىرىلىگەن 29 نەپەر ئاددىي كان ئىشچىلىرىمۇ بىر قېتىملىق كان ھادىسىسىدە قازا قىلغان.

نۇتۇقلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە قازا قىلغۇچىلار ھاياتىنىڭ قىممىتىگە يۇقىرى باھا بېرىلگەن. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»دە: «يولداش جاڭ سىدې خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك» دېيىلگەن. ئوبامانىڭ نۇتقىدا «خەلق ئۈچۈن»دېگەن بۇ سۆز بىۋاستە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ئەمما ئەشۇنداق مەنىدىكى سۆزلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: كۆمۈر قازغۇچىلار «كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي كۆمۈر قازغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئەمگەك نەتىجىسى. بىز بۇنىڭدىن قىلچە شۇبھىلەنمەيمىز، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ قان - تەرى يىغىن مەركەزلىرىنى يورۇتىدىغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدۇر، شۇنداقلا بىزنىڭ چېركاۋ ياكى ئۆيلىرىمىز، مەكتەپلىرىمىز، ئىشخانىلىرىمىزغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرىدىغان، دۇنيانىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدۇر.»

ئۇلار قازا قىلغۇچىلارنىڭ قۇربان بېرىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇشقان. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»دا: «كۆرەش قىلىدىكەنمىز، قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ، ئادەم ئۆلۈش ئىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بىز خەلق مەنپەئەتىنى ئويلىغىنىمىزدا، زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىمىزدا، خەلق ئۈچۈن ئۆلسەك، ئورۇنلۇق ئۆلگەن بولىمىز» دېيىلگەن بولسا، ئوباما مۇنداق دېگەن: «ئۇلار مۇشۇ خىزمەتنى قىلغاندا خېيىم - خەتەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىغان. ئۇلاردىن بەزىلەر ئىلگىرىمۇ يارىلانغان، بۇنى ئۇلارنىڭ دوست -

تەرجىمە كۆزنىكى

بۇرادەرلىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا ئۇلارلا ئەمەس، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ خېيىم - خەتەرنى بىلەتتى. ئۇلار جەڭگە مېڭىشتىن ئاۋۋال بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئاخشاملاردا دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلار ئاياللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېلېفونىغا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى، بۈگۈنكى ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغانلىقىنى، ھەممە ئىشلارنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا ئالدىراپ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھەر كۈنى جىددىيلىك ئىچىدە خەۋەر ئاڭلايدىغانلىقىنى، مۇبادا رادىيو سىگناللىرى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغۇدەك بولسا ساراسىمىگە چۈشۈپ ۋەھىمە ئىچىدە قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى»، «شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ خاتىغا كەلگەن. ھەتتا بەزىلىرى تۇغۇلۇشىدىنلا كان ئىشچىسى بولغان؛ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا رازى بولۇشقان. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۆز يولىنى تاللاشقا تامامەن ھوقۇقلۇق ئىدى.»

بۇ نۇتۇقلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەتتىكى كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، قازايى قەدىرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش تەكىتلەنگەن. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»دا: «شۇنداقتىمۇ تېگىشلىك بولمىغان قۇربان بېرىشلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ھەر بىر جەڭچىگە غەمخورلۇق قىلىشى لازىم، ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى بارلىق كىشىلەر بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلىش، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى لازىم» دېيىلگەن بولسا، ئوباما مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز، ھاياتلىقنىڭ مۇشۇنداق پاجىئە ئىچىدە نابۇت بولۇشىنى توسۇشتىن ئىبارەت. بىز چوقۇم مەيلى كوللېكتىپ ياكى شەخس بولسۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن باش تارتماسلىقىمىز؛ كان ئاستىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، خۇددى كان ئىشچىلىرى ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندەك بىزمۇ ئۇلارغا شۇنداق مەسئۇل بولۇشىمىز، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، ھەممىمىز ئامېرىكىلىق. بىز ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، ئۇلارغا دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.»

مۇبادا ئوباما «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نى ئوقۇمىغان بولسا بۇ ئىككى پارچە نۇتۇق نېمەدەپ بىر - بىرىگە شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىدۇ؟

يەنە «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا مەيلى كىم ئۆلسۇن، مەيلى ئاشپەز بولسۇن، جەڭچى بولسۇن، ئۇ ئاز - تولا پايدىلىق ئىش قىلغانلا بولسا، بىز ئۇنى ئۇزىتىشىمىز، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم. بۇ بىر تۈزۈم بولۇپ قالسۇن. بۇ ئۇسۇلنى پۇقرالارغىمۇ تونۇشتۇرۇش كېرەك.»

«خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»دا شۇنداق دېيىلگەن بولسا، ئوبامامۇ دەل شۇنداق قىلغان. ئۇ ئاددىي ئىشچىلارنىڭ قازاسى ئۈچۈن تەزىيە نۇتقى سۆزلەپلا قالماي يەنە قازاغا يولۇققان 29 نەپەر ئىشچىنىڭ ئىسمىنى بىرمۇ بىر ئاتاپ ئۆتكەن. بۇغۇ ئوبامانىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نى ئوقۇغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەر؟

گەرچە مەن يۇقىرىقى قىياسلىرىمنى بىر نەچچە پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان بولساممۇ، ئەمما ئاخىرىغا بېرىپ ئۆز قىياسىمنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئومۇملاشقان قىممەت قاراش ئۆز - ئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئاشۇ خىل ئوخشاشلىققا ئىگە تەپەككۇرى زامان، ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا ئوبامانىڭ ئاددىي كان ئىشچىلىرىنى خاتىرىلەشتە «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نى ئوقۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەكسىچە، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»نى ئوقۇغانلارنىڭ ئاددىي كان ئىشچىلىرىغا ماتەم بىلدۈرۈشنىمۇ ئۇقمايدىغان؛ ھەتتا قازاغا يولۇققان كان ئىشچىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى دەپ قاراپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالىدىغان ئەھۋاللارغا نېمە دېگۈلۈك؟

---

ۋاڭ چياڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىلى 7 - سانىدىن تۇمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمىسى. تىلماچ: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا

## كىشىلىك ھايات تەسىراتلىرى

### مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇۋېتىش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى كىشىلىك تۇرمۇش ئۈستىدىن غالىب كېلىشتۇر

بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن ئېگىز بىر تاغ بار ئىكەن، بۇ تاغدىن ئۇچار قۇشلارمۇ تەستە ئۇچۇپ ئۆتىدىكەن، تاغنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. تاغنىڭ ئالدى - كەينىدە تاغ چوققىسىغا چىققىلى بولىدىغان ئىككى يول بار ئىكەن. ئالدىدىكىسى تاشتىن پەلەمپەي چىقىرىلغان، تۈز ھەم ئازادە چوڭ يول ئىكەن. كەينىدىكىسى بولسا ئەگرى - بۈگرى، ئېگىز -

پەس، چاتقال ـ تىكەنلەر بىلەن تولغان چىغىر يول ئىكەن.

بىر كۈنى ئاتا ـ بالا بولۇپ ئۈچ كىشى بۇ تاغنىڭ تۆۋىگە يېتىپ كەپتۇ. ئاتا ئالقانلىرى بىلەن كۆن نۇرىنى توسۇپ تۇرۇپ، تاغ چوققىسىغا قاراپ ئوغۇللىرىغا: «ئىككىڭلار بۇ تاغقا چىقىشتا مۇسابىقىلىشىپ بېقىڭلار، تاغقا چىقىدىغان ئىككى يول بار، ئالدى تەرەپتىكى چوڭ يول بىخەتەر ھەم يېقىن، كەينى تەرەپتىكى چىغىر يول خەتەرلىك ھەم يىراق، يولنى ئۆزۈڭلار تاللاڭلار!» دەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ تاللىغان يولى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئىككى ئايدىن كېيىن، ئاكىسى بۇرۇنقىدەكلا رەتلىك كىينگەن ھالدا تاغ چوققىسىدا پەيدا بوپتۇ. مەگزىلىرى قىزىرىپ، چاچلىرى پارقىراپ، قاراشتا خۇددى سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ مەغرۇر ھالدا، پىچاقنىڭ بىسىدەك قاتۇرۇلغان يەڭ ـ پەشلىرىنى قېقىشتۇرغاچ، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «مەن يەڭدىم! مەن يەڭدىم! بۇ يول ھەقىقەتەن بەك ياخشىكەن. ئازادە يولدا مەن ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىپتىمەن. يولبويى شۇنداق ئەركىن، شۇنداق خاتىرجەم، يولدا ھەتتا پۇتلىشىدىغان بىرەر تال تاشمۇ يوق. سىزنىمۇ مېنى ئالدىماپتۇ، ئاقىلانە تاللىشىم مېنىڭ غەلىبە قىلىشىمغا ياردەم بەردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى: پەقەت ئەخمەق ئادەملا ياخشىسىدىن ۋاز كېچىپ، ناچىرىنى تاللايدۇ. مانا، دانالارچە تاللىشىم بەدىلىگە كۆڭۈللۈك سەپەر قىلىپ كەلدىم. مەن غەلىبە قىلدىم، مەن غەلىبە قىلىشقا ھەقلىق!» دەپتۇ.

«سېنىڭ تاللىشىڭ ھەقىقەتەن ئاقىلانە تاللاش، يولبويى ئىنتايىن مەنزىرىلىك جايلارنى كۆرۈۋالدىڭ، مېنىڭ ئوبدان ئوغلۇم ...» دەپتۇ دادىسى مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىغا قاراپ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنە بىر سايە پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى ئىنتايىن سالماق، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىكەن. گەرچە ئۇ ئورۇقلاپ ياداپ كەتكەن، كىيملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن.

ئۇكىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئالدىغان بېرىپ، سەپەردىكى ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

«ھەي، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك سەپەر! رەھمەت سىزگە دادا، ماڭا مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى بەرگەنلىكىڭىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. يولبويى تىك قىيالار يولۇمنى توستى، چاتقال ـ تىكەنلەر قول ـ بىلەكلىرىمنى تىلىپ يارىلاندۇردى، ھارغىنلىقتا يالغۇزلۇق قوشۇلۇپ مېنى قىينىدى. بىراق بەرداشلىق بەردىم، مۇستەقىل ياشاش ۋە چىدامچانلىقنى ئۆگىنىۋالدىم. يول بويلىرىدىكى تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلاندىم. تاغ ئېتىكىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تاغ گۈللىرىنى، ئۈچۈپ يۈرگەن رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرنى كۆردۈم، تاغ گۈللىرىگە ئەگىشىپ ناخشا ئېيتسام، كېپىنەكلەرگە ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينىدىم. تاغ باغرىدا يۇمشاق كۆرپىدەك ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەرنى، بۇك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەرنى، دەرەخزارلىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك ئېرىق سۇلىرىنى، تومەنمىگلىغان قۇشلارنىڭ دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ زوق ـ شوق بىلەن سايرىشىۋاتقانلىقنى كۆردۈم. تەبىئەتنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى تىڭشاپ، شادىيانە مېلودىيەسىگە جور بولدۇم. بۇ بەلكىم مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشال بولغان ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك. بىراق كۆپىنچە ۋاقىتلىرىم يەنىلا ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان سوغۇق ۋە جىمجىتلىق بىلەن تىكەن ـ چاتقاللىقلار قوينىدا ئۆتتى. يىراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىمدا، ساپسېرىق يوپۇرماقلارنىڭ كۆك بىلەن تۇتاشقانلىقنى، ئاياغ ئاستىدا سولىشىپ كەتكەن چۆپلەرنىڭ يېيىلىپ ياتقانلىقنى كۆرەتتىم. بىراق مەن ئاشۇ ساپسېرىق يوپۇرماقلار ئارىسىدا سانجاق ـ سانجاق مېۋىلەرنىڭ تۇرغانلىقنى كۆردۈم، ھېلىقى سولىشىپ قالغان ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن يېڭى ھاياتقا بولغان ئۈمىدنى بايقىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ پىشۋاتقانلىقىمنى، تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى سوغۇق شامال ۋە تاش ـ شېغىلدىن باشقا ھېچقانداق ھاياتلىق دىدارى يوق بولۇپ، مەن نەچچە قېتىم ۋاز كېچىشنىمۇ ئويلىدىم، قىيىنچىلىق ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتتى، ماڭا ئىلھام بەردى، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى، ماڭا خەۋپ ـ خەتەردىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان يالغۇزلۇق ۋە جىمجىتلىق، ئازاپ ـ ئوقۇبەتتىنمۇ ئازابلىق بولغان گاڭگىراش ۋە غېرىبلىقنى ئۇنتۇلدۇردى، ئاخىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم. يولبويى تاغ ئارىسىدىكى باھار مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلاندىم، سەپەرنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنىڭ تەمىنىمۇ تېتىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، دادا. ماڭا تاللاش ھوقۇقىنى بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، مەن بۇ تاللاش ئارقىلىق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم ...»

«بىراق سەن يېڭىلدىڭ!» دەپتۇ ئاكىسى ھەيران بولغان ھالدا مەنسىتمەسلىك تەلەپپۇزدا.

«شۇنداق» دەپتۇ دادىسى ئەپسۇسلانغان ھالدا، «بالام، سەن مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ ...»

«بىراق، مەن كىشىلىك تۇرمۇش ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىم!» دەپتۇ ئۇكىسى يىراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن ئۇكىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىدى.

كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئاكىسى يەنىلا شۇ ئادەتتىكىدەك ئۆتۈۋېرىپتۇ، ئۇكىسى بولسا كەسىپتە ئۇتۇقلارنى قازىنىپتۇ.

**ھاسىلكالام:** ھەر بىر ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشتا نۇرغۇن مۇسابىقىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى مۇسابىقىنىڭ جەريانىدۇر. جەريان ئارقىلىقلا قابىلىيەت يېتىلدۇرگىلى، بىر قىسىم قائىدىلەرنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇۋېتىش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى كىشىلىك تۇرمۇش ئۈستىدىن غالىب كېلىشتۇر.

## غۇلاچقا چىدىغان يەردە غىرىچقىمۇ چىدىساڭ، ئوخشاشمىغان نەتىجىلەرنى كۆرەلەيمىز

ئىككى ئېكىسپېدىتسىيەچى بىپايان چۆللۈكتە نىشانىدىن ئادىشىپ قاپتۇ. ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن كالپۇكلىرى يېرىلىپ قاناپ كېتىپتۇ، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئىككىسىگە ئۇسساپ ئۆلۈشتىن باشقا يول يوق ئىكەن.

ياشتا چوڭراقى ھەمراھىنىڭ قولىدىن سۇدانىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «مەن بېرىپ سۇ تېپىپ كېلەي، سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن!» دەپتۇ، ئاندىن يەنە بوغچىسىدىن بىر تاپانچىنى چىقىرىپ: «بۇنىڭدا ئالتە پاي ئوق بار، ھەر ئىككى سائەتتە بىر پاي ئات، بۇنداق بولغاندا مەن سۇ تاپقاندىن كېيىن نىشاندىن ئادىشىپ كەتمەي، ئوق ئاۋازىغا ئاساسەن سېنى تېپىپ كېلەلەيمەن، قەتئىي ئېسىڭدە تۇت!» دەپ جېكىلەپتۇ، ھەمراھىنىڭ باش لىڭشىتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، خاتىرجەم بولغان ھالدا ھالسىز قەدەملىرىنى تەستە يۆتكىگىنىچە سۇ تېپىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. تاپانچىدا پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىر پايلا ئوق قاپتۇ، سۇ تاپقىلى كەتكەن ھەمراھى تېخىچە قايتىپ كەلمەپتۇ.

قۇم بوران چوقۇم ئۇنى كۆمۈۋەتتى ياكى سۇ تاپقاندىن كېيىن مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، دەپ ئويلاپتۇ يېشى كىچىكرەك ئېكىسپېدىتسىيەچى. ئۇ مىنۇت، سېكۇنتلاپ ساناپ، ھەمراھىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاچلىق ـ ئۇسسۇزلۇق ۋە قورقۇنچ بىرلىشىپ كەتكەن ئۈمىدسىزلىك ئىگىللىۋاپتۇ. ئۇ بىردىنلا خۇددى ھالاكەت بۇرنىغا پۇراۋاتقاندەك، بەتبەشىرە ئەزرائىل ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشقا باشلاپتۇ ...

ئاخىرى ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقنى ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ.

ئۇنىڭ جەستى يەرگە يىقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھەمراھى لىق ئىككى سۇدان سۇنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ ...

**ھاسىلكالام:** ئەڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بەرمەسلىكتىن، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. بەزى ئىشلاردا پەقەت تىنىقلا بولىدىكەن چوقۇم ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىش كېرەك، ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلاردا، يەنە ئازراق بەرداشلىق بېرىشتىن ھەمىشە ئوخشىمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بەيچۇەن جىبن تۈزگەن «كىشىلىك ھايات تەسراتلىرى» ناملىق كىتابتىن يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدى تەرجىمىسى. ئىلماچ: كۇچا ناھىيە ئۈچ ئۆستەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە

## ئۇنى قانداق يېيەلەيسىلەر؟

بىر كۈنى چوڭ بىلىق بېلىقچانلاردىن سوراپتۇ:

ــ ئەگەر قارماققا سېمىز ھەم يۇمران، گۆشى تەملىك سازاڭ ئىلىنغان بولسا، سىلەر قارماققا ئىلىنىپ قالماي، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۇنى يېيەلەيسىلەر؟

بېلىقچانلار بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپتۇ. كاللىنى ئىشلىتىپ گۆشنى تويدۇرماي يېيىش ۋە جاننى سېلىپ بەرمەسلىك مەسىلىسىدە: «قانداق ئۇسۇل قوللانساق ئاندىن كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۈنۈمگە ئېرىشىمىز؟» دېگەن پىلان بويىچە ئەڭ ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىشىپتۇ.

ــ سازاڭنى چىشلەپ شىددەت بىلەن قارماقنى ئاستىغا تارتىپ، يۇلۇپ ئېلىپ يېيىش كېرەك، ــ دەپتۇ بىرىنچى بېلىقجان خۇشاللىق بىلەن قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

ــ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا يېيىش كېرەك، ــ دەپتۇ ئىككىنچى بېلىقجان.

ــ گۆشنى ناھايىتى تېزلا يەۋېلىپ، قارماقنى ئېغىزدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك، ــ دەپتۇ ئۈچىنچى بېلىقجان.

چوڭ بىلىق بۇنى ئاڭلاپ باش چايقاپ ھەممىسىنىڭ جاۋابلىرىنى ئىنكار قىپتۇ. ئاندىن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ:

ــ ئالدامچىلىق قىلىش ۋە كۈچەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى قانداق يېيىش مەسىلىسىگە باش قاتۇرۇپ كەتمىسەڭلەرمۇ بولىدۇ. پەقەت قارماققا يېقىن كەلمىسەڭلەرلا بولىدۇ. قانچە يىراق تۇرساڭلار شۇنچە ياخشى، ــ دەپتۇ.

شۆي شۈۋ ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ «كىلاسسىك مىكرو ھېكايىلەر» تىپىنىڭ 2009 ـ يىللىق 12 ـ سان (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) غا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن مەخمۇتجان يانتاق تەرجىمىسى. ئىلماچ: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى



# ئەخلەتچى بوۋاي

ئادىل ئابدۇقادىر

تۆت ئەتراپى قەۋەتلىك بىنالار بىلەن قورشالغان ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم كېلىدىغان60 ياشلار چامىسىدىكى بۇ بوۋاينىڭ ئىسمى قاۋۇل ئاخۇن ئىدى. پەرزەنتلىك، نەۋرە-چەۋرىلىك بولۇپ ئۆمرىنىڭ كەچ كۈزىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇشۇ ياشتىكى باشقا كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بالدۇرلا جۇدەپ كەتكەن، ساقال باسقان چىرايى، ئالدىغا سەل ئېڭىشكەن بەستى، يول ماڭسا سۆرىلىپ قالىدىغان پۇتى، مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان تۇرقىدىن ئۇنىڭ ئىسمىغا ماس ئىزنالارنى تاپقىلى بولمايتتى، ئۇمۇ ياش ۋاقتىلىرىدا ئىسمىغا لايىق قاۋۇل كىشىلەردىن بولغىيتتى بەلكىم. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىز بىلەن بىللە ئۈن-تىنسىز ھالال ياشاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىدىن باشقىلارغا نامەلۇم ئىدى، يەنى ئۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارسىز، يوچۇن بىر ئادەم ئىدى، ئادەملەر توپىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىم؟ قانداق ئادەم؟ نەدە تۇرىدۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

ھېچكىم بۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايتتى، بۇ خىل نامەلۇملۇق ۋە ئېتىبارسىزلىق ئومۇميۈزلۈك جەمئىيەتلەشكەن بۈگۈنكى شەھەر تۇرمۇشىدا،بىزمۇ باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆتمۈشى نامەلۇم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئازابلىق رېئاللىقنى نۇرغۇنلىرىمىز قوبۇل قىلىشنى خالىمايمىز، ئەمما، كىملىكىمىز ئارقىلىق سالاھىيىتىمىزنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇر بولىدىغان دوقال سورۇنلار، ئادەملىكىمىزدىن كۆرە كىملىكىمىز بەكرەك ئېتىراپقا ئېلىنىدىغان چازا-توسۇقلار بۇ خىل رېئاللىقنى مەسخىرىلىك يوسۇندا بىزگە تاڭىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بىز ئادەملىكىمىزدىن كۆرە باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى يالتىراق سالاھىيىتىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئويدۇرۇپ چىققان تۈرلۈك ئەمەل-ناملارغا ئەسىر بولۇپ، ئاللىقانداق سالاھىيەت بىلەن ئاتىلىش ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلايمىز، ئەمما تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆزى مەستخۇش بولىدىغان شۇ ساختىلىققا ئۆزى ئالدىنىپ كېتىپ، ئادەملىك ئۇلۇغلۇقى ۋە ئىززىتىنى شۇ ساختا ناملار ئۈچۈن بەخشەندە قىلىۋېتىشىدۇر.

بىز بۇ يەردە گېپىنى قىلماقچى بولۇۋاتقان بوۋاي

قانداقتۇر نامى ئۇلۇغ مەشھۇر كىشىلەردىن، ئالىلقانداق تەبىقىدىكى مەرتىۋىلىك ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مەھەللىگە پات-پات كېلىدىغان مەن بىلىدىغان بىردىنبىر ئەخلەتچى بوۋاي. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە دائىم ئۆشنىسىگە ئارتىۋالىدىغان ئەخلەت خالتىسىنى كۆتۈرۈپ، قورۇدىكى بەتبۇي پۇرايدىغان ئەخلەت ئازگىلىدىن پۇلغا يارايدىغان سولياۋ قۇتا، قەغەز يەشىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېرىنمەي ئىزدەيتتى، بەزىدە دەرۋازىۋەن بالىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن قورۇدىكى كىملەرنىڭدۇ ئېشىنچا ئىلتىپاتلىرىغا مۇيەسسەر بولاتتى، ئەخلەت بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەچكىمكىن ئۇنىڭ تۇرقى نورمال كىشىلەردىن رەتسىز، چىراي-ئۆڭى كۆرۈمسىزراق ئىدى. شۇڭا مەھەللىدە يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قالغانلار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. قورۇ ئىچىدىكى بالىلارنىڭ نەزىرىدە بولسا ئۇ بىر «ساراڭ» ئىدى، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى، ھەتتا بەزى ئاتا-ئانىلار گەپ ئاڭلىمىغان بالىلىرنى«گەپ ئاڭلىمىساڭ قاۋۇل ئاخۇنغا بېرىۋېتىمەن»دەپ قورقۇتۇپ ئۆز گېپىگە كىرگۈزەتتى. ئادەملەر ئادەملىكى بىلەن ئەمەس، ئادەملىكنى ئوراپ تۇرغان ساختا نەرسىلەر بىلەن ئۇلۇغلىنىدىغان ھەم ھۆرمەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، قانچىلىك كىشىنىڭ بۇ ئادەمگە دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرغانلىقى نامەلۇم، ئەمما، مەن ئۇنىڭغا خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىۋاتاتتىم ھەم پات-پات ئۇچرىشىش داۋامىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپمۇ قالغان ئىدىم. ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇنىڭغا ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ سالام قىلاتتىم. ناتونۇش كىشىلەرگە سالام قىلىش ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان، ھاجىتى بولمىسا تونۇشلارمۇ سالاملاشمايدىغان بۈگۈنكى كۈندە، بوۋاي سالامىمدىن مەمنۇن بولسا كېرەك، مېنى كۆرسىلا نېرىدا كېتىۋاتقان بولسا توختاپ، ئولتۇرۇۋاتقان بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى ئۆز تۇغقىنىنى كۆرگەندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەندىنمۇ ئەھۋال سورايتتى. ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ تەمەسىز سالام ئىككىمىزنى چىن قەلبىمىزدىن تەدرىجىي يېقىنلاشتۇرغان ئىدى. مەن بوۋاينى ئادەملىك سۈپىتى بىلەن ھۆرمەتلىنىشى كېرەك دەپ قارايتتىم. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر ئەقىدىگە چوقۇناتتىم. دەرۋازىۋەن بالىنىڭ دېيىشىچە ئۇنىڭ ئايالى ھەم بالىلىرى بولغان ئىكەن. بىراق بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ھازىر ئۆزى يالغۇز ئۆتۈۋېتىپتۇ، كۈنىنى ئەخلەتخانىدىكى ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى تېرىپ سېتىپ قامداۋېتىپتۇ. مەن بوۋاينىڭ مۇشۇ روھىنىڭ ھۆرمىتى، ئۇنىڭغا يالغۇز ئەمەسلىكنى بىلدۈرۈپ قويۇش، غېرىب كۆڭلىگە تەسكىن ھەم تەسەللى بېرىش ئۈچۈن سالام قىلاتتىم.ھەر قېتىم سالاملاشقىنىمىزدا ئۇنىڭ چىرايىدا جىلۋىلىنىدىغان تەبەسسۇم ھەم خۇشاللىق بوۋاينىڭ سالامىمغا بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقىدەك بىلىنەتتى. بەزىدە بوۋاينى ھەممە ئادەم ئۆزىنى سالاغا تارتىپ، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى نامايىش قىلىشنى ئىستەپ دەبدەبە بىلەن ماڭىدىغان چوڭ يولدا ئەخلەت خالتىسىنى كۆتۈرۈپ پەرۋاسىز كېتىۋاتقان ياكى بىرەر كۈنگەي تام تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ بەخىرامان مۈگدەۋاتقان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلاۋاتقان، ئالدىراۋاتقان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك غەمسىز، بىمالال ھالىتىدىن ئىمپېراتور ئىسكەندەرگە «ئىسكەندەر بولساڭمۇ ئاپتىپىمنى توسۇۋالما»دەپ مەغرۇر خىتاب قىلغان پەيلاسوپ بوۋاينىڭ ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولاتتىم.ئۇنىڭ بۇ خىل «بىغەملىكى» ھەم «پەرۋاسىزلىقى»غا ھەۋەس قىلاتتىم. ئادەم پەقەت تەمە، ساختا شۆھرەت، يالتىراق مەدەنىيەتنىڭ پەس ھەۋەسلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلغاندىلا، بوۋايدەك «بىغەملىك» ۋە «پەرۋاسىزلىق»نىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولاتتى.

بوۋاينىڭ قىلىۋاتقان ئىشى نۇرغۇن كىشى قىلىشنى خالىمايدىغان مەينەت ئىش بولسىمۇ، لېكىن، ئەتراپتىكى بوۋايدىن ياش، ئەمما جەمئىيەت ئەخلىتى قاتارىدا ياشاۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرگە قارىغاندا بوۋاي ھالى قۇدرەت ھالال ياشاۋاتاتتى.شۇڭا بۇ بوۋايغا كۆڭلۈمدە ئالاھىدە ھۆرمەت تۇغۇلغان ئىدى.مۇشۇ خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى بوۋايغا بولغان قىزىقىشىم ھەم تونۇشۇش ئىستىكىمگە ئوت ياققان ئىدى. بوۋاينىڭ ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇشىدىن نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقى ماڭا نامەلۇم ئىدى، ئەمما، مەن بوۋاينىڭ تۇرمۇشى ھەم ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇشىدىن بەزى ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئويلانغان ئىدىم، بولۇپمۇ بوۋاينىڭ سالامىمنى ئىلىك ئالغان چاغدىكى خۇشاللىقىغا قاراپ، ئاجىزلارغا ئىللىقلىق،خۇشاللىق يەتكۈزۈشنىڭ پەقەت ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. ئۇلۇغلارنىڭ«تونۇغان-تونۇمىغان كىشىگە سالام قىلغىن»، «ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»، «بۇرادىرىڭگە ئىللىق چىراي ئۇچراشقىنىڭمۇ ئۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدىغان ياخشىلىقتۇر»دېگەن ھېكمەتلىرىنىڭ نېمىشقا بۈيۈك دەستۇرلارغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى ھەم ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئۇنى بىر خىل ئەقىدە يۈكسەكلىكىگە

كۆتۈرۈپ تەكتىلىگەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىدىم. دەرھەقىقەت، سالام بىزنىڭ ئەقىدە دەستۇرلىرىمىزدا«سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار»دەپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن، ئەجدادلىرىمىز قانداق قىلىشنى بىزگە ئۆگەتكەن ھەم مىراس قالدۇرغان قىممەتلىك ئەقىدە ھەم ئەنئەنىلەردىن بىرى ئىدى، ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇ كىچىككىنە ئىشنى ئەقىدە يۈكسەكلىكىدە تونۇغان، ئۇنى ئۆزئارا مۇھەببەت، دوستلۇقنى ئىپادىلەش ھەم ئۇنى چىڭىتىشنىڭ ئۇسۇلى، ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى سۈپىتىدە بىزگە بىلدۈرۈپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن نەسىھەتلىك ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان ھەم «كىچىككىلەر چوڭلارغا، ئۇلاغلىقلار پىيادىلىكلەرگە بالدۇر سالام قىلىش»تەك سالام يوسۇنلىرىنى ئۆگەتكەن ئىدى. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئەقىدىگە مىتە چۈشتى. كىشىلەر سالامنى ئۆزئارا مۇھەببەت، دوستلۇقنى ئىپادىلەش ھەم ئۇنى چىڭىتىشنىڭ ئۇسۇلى ئەمەس،بەلكى بىر خىل ساختا خۇشامەت، مەقسەتلىك تەكەللۇپنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئەرزىمەس كىچىك ئىش سۈپىتىدە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. كىشىلەرنى چوڭ ـ كىچىك، باي ـ نامرات دەپ ئايرىماي ھەممىگە ئوخشاش يوسۇندا سالام قىلىشتىن ئىبارەت ئەجداد ئۇدۇمى بۇزۇلۇپ، بەزى كۆڭلى پەس كىشىلەر سالامنىڭ خاراكتېرى ۋە يوسۇننى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى بايلار ۋە ئەمەلدارلارغا خۇشامەتچىلىك،تەخسىكەشلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆچۈكلىنىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى، ئىجتىمائىي پەرق سالامنى بايلارنىڭ نامراتلار ئالدىدىكى، ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ئادەملىكىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەتسىزلىك ۋە خىيانەت ئىدى.

ھەممىمىز ھەر كۈنى ھەر خىل ئادەملەر بىلەن سالاملىشىمىز،بەزىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ سەممىي سالاملىشىمىز،يەنە بەزىلەر بىلەن زورمۇزور سالاملىشىشقا مەجبۇر بولىمىز، يەنە بەزىلەر بىلەن بولسا كېتىۋاتقاچ دوق سالىمى قىلىشىمىز، ئىشقىلىپ ھەر كۈندە ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ھەر خىل ھېسسىياتتا سالاملىشىمىز، ئەمما، مۇشۇ خىل سالاملىرىمىزنىڭ قانچىلىكىنىڭ ئادىمىيلىككە قىلىنغان سەممىي ھۆرمەت ئىكەنلىكى ئۆزىمىزگە نامەلۇم.ئەمەلىيەتتە سالام، بولۇپمۇ تونۇغان ـ تونۇمىغان كىشىگە قىلىنغان سالام ئادەمدىن ئىبارەت ئەڭ مۇقەددەس مەخلۇققا قىلىنغان ھۆرمەت بولۇپ، شۇ سالام ئارقىلىق سالام قىلغۇچى ھەم سالام قىلىنغۇچى ئوخشاشلا خۇشاللىق ھەم ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەملەرنىڭ يارىتىلىش ئۇقتىسىدىكى باراۋەرلىكىگە قىلىنغان ھۆرمەت بولۇپ، ئاددىي بىر سەممىي سالام كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىمتىياز، نوپۇز، باي ـ نامراتلىق، پادىشاھ ـ پۇقرالىق پەرقىنى نۆللەشتۈرەلەيدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئايلاندۇرالايدۇ.

بۇ يەردە يەنە«تەرمىلەر»ژۇرنىلىدىن ئوقۇغان مۇنداق بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ:«2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇن گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدىكى بىر كوچىدا بىر يەھۇدىي بىلەن بىر نېمىس ئوفىتسېرى قوشنا بولۇپ ئولتۇرىدىكەن، ھەر كۈنى ئىشقا ماڭغاندا ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ قالىدىكەن، ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا ئۇلار گەرچە تونۇشمىسىمۇ ھېلىقى يەھۇدىي ئالدى بىلەن بېشىدىكى قالپىقىنى ئېلىپ ئوفىتسېرغا كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، بىر كۈنى ھېلىقى ئوفىتسېر بىلەن يەھۇدىي بىر قېتىملىق يەھۇدىيلارنى تازىلاشتا ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ھېلىقى ئوفىتسېر قاتار سەپكە تۇرغۇزۇلغانلار قاتارىدىن يەھۇدىيلارنى بىر ـ بىرلەپ ئايرىپ نۆۋەت ھېلىقى يەھۇدىيغا كەلگەندە، ئۇ ئادىتى بويىچە بېشىدىن قالپىقىنى ئېلىپ ھېلىقى ئوفىتسېرغا سالام قىپتۇ. ئوفىتسېر ئۇنى شۇ سالىمىدىن تونۇپ، شۇ قېتىم تازىلىنىدىغان يەھۇدىيلار قاتارىدىن قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يەھۇدىي شۇ قېتىمقى تازىلىنىشتىن ئامان قالغانچە تاكى2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقۇچە ھايات قاپتۇ.يەنى، ئۇنىڭ شۇ سالىمى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.بۇ راست ـ يالغانلىقى بىزگە نامەلۇم بىر ھېكايە، ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭدا تەكىتلىمەكچى بولغان نەرسىنىڭ يالغىنى يوق.

باشقىلارنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە سالامنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى تەتقىقات يازمىلىرىدا،بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئۆزىدە قارشى تەرەپنى يارىلاندۇرىدىغان ياراغ يوقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت سالام ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. دېمەككى، سالام بىر خىل ئەمىنلىككە ئىشارە بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىدىغان ھەرىكەت. سالام يوسۇنىمىزدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بىلەن بىرگە«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دېگەن ئىبارە ئېيتىلىدۇ، بۇ ئىبارىنىڭ بىرچە مەنىسى«ئەمىنلىك سىزگە يار بولسۇن»دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىبارىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئادەم ئاتا

يارىتىلغاندا پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئاتىغا قىلغان تۇنجى سالام سۆزى ئىكەنلىكى،ئادەم ئاتا سالامنى پەرىشتىلەردىن تەلىم ئالغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سالام ھەم سالام سۆزى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت ۋە بىر خىل دوستلۇقنى ئىپادىلەش بولۇپلا قالماستىن، ئالاھىدە بىر خىل ئەمەللىكنى تىلەيدىغان، ئەقىدە يۈكسەكلىكىدىكى ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەقتە بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە سالامنى ئەمەللىككە باغلاپ مۇنداق دەيدۇ:

5055: سالامدۇر كىشىگە ئىسەنلىك يولى،
سالاملە قويۇلۇر ئىسەنلىك ئۇلى.

5056: سالامدۇر كىشىگە ئەمەنلىك ئامان،
قىلىنسا ساق بولۇر ئۇشبۇ جان.

5059: سالام ساقلار ئامان كىشى شاررىدىن،
سالامەتلىك ئالدى جاۋاب قىلغۇچى.

ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان يوسۇنىمىزدا تونۇش كىشىلەر سالام سۆزىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، ناتونۇش كىشىلەر بولسا سالام سۆزى ئارقىلىق سالاملىشاتتى ۋە تونۇشاتتى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە سالام كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزگىرىپ كەتتى، شەھەرلەردە تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىرىدەك «ياخشىمۇ سىز»، «قانداق ئەھۋالىڭىز؟»، «ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟» دېگەندەك تەرجىمە سالاملار ئومۇملاشقان بولسا، ياشلار ئارىسىدا قوپال ھەرىكەت ۋە سۆزلەر ئارقىلىق سالاملىشىش ئادەتكە ئايلاندى. تونۇغان كىشىلەرگە سالام قىلىش، تونۇمىغان كىشىلەرگە پەرۋا قىلماسلىق ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئۆز قوۋمىدىن بولغان ناتونۇشلاردىن ئۈركۈيدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئەجداد ئۇدۇمىغا قىلىنغان خىيانەت بولۇپ، ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى بۇ خىيانەتنىڭ جاۋابكارى بىز بولۇپ قالدۇق. بىز ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان ھەم شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن تۇرمۇشىمىزدىكى بۇ كىچىككىنە ئىش ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئۇلۇغ ھېكمەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇرۇنقىلار «ئىشەنچنىڭ يوقلىشى، سالامنىڭ خاسلىشىپ قېلىشى»نى دەۋرىي قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ، ئەگەر بۇنى ھەقىقەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىساق، ئۇنداقتا بىز بۇ قىيامەتنىڭ شاھىتلىرىمىز.

بوۋاينىڭ سالامنىڭ يۇقىرىقى ھېكمەتلىرىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقى نامەلۇم، ئەمما بوۋاينىڭ سالامىمنى ئىلىك ئالغان چاغدىكى تەبەسسۇمى ئۇنى ئادەم ئەتكەنلىكىمگە بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقىدەك بىلىنەتتى. چۈنكى، ئىت ـ مۈشۈكلەرمۇ ئادەملەردىن بەكرەك ئۇلۇغلىنىدىغان، ئاجىزلار ئاشۇ ئىت ـ مۈشۈكلەرچىلىك ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان، نامرات بايغا، پۇقرا ئەمەلدارغا ئاۋۋال سالام قىلىش يوسۇنىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە كىممۇ ئۇنىڭدەك بىر ئەخلەتچى بوۋايغا سالام قىلىپ يۈرىدۇ دەيسىز؟

بوۋاي بىلەن ئۇچراشقان بەزى چاغلىرىمدا ئۇنى ساقلىنى ئالدۇرغان پاكىز چىراي ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالاتتىم.بۇنداق چاغلاردا بوۋاينىڭ كۆلكىسى تېخىمۇ يارقىن بىلىنەتتى. بوۋاي گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىدىكى مەينەت بىر ئىشقا تايىنىپ جان بېقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئىنسانلىق تەبىئىتى بىلەن پاكىزلىق ھەم گۈزەللىكنى سۆيەتتى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ھالاللىقنى سۆيەتتى.60 ياشتىن ھالقىغان، باققۇچىسى يوق بىر بوۋاي بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھۆكۈمەت ئاچقان قېرىلار ساناتورىيەسىگە كىرىپ كۈن ئۆتكۈزسە ياكى ئۆز قېرىلىقىنى دەسمايە قىلىپ داپۇز تىلەمچىلەردەك باشقىلارغا قول سۇنۇپ تىلەپ بېسە تامامەن بولاتتى. ئەمما، بوۋاي ئۇنداق قىلمىغان ئىدى، بەلكى ئۇنداق ياشاشنى خارلىق دەپ بىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاش، ھالال يېيىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مەينەت، ئەمما، ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ پاكىز بىر ئىشنى تاللىۋالغان ئىدى. بوۋاينىڭ ئاشۇ ئەخلەتخانىلاردىن تېرىۋالغان نەرسىلىرىنى قانچىلىك پۇلغا ساتىدىغانلىقى، بىر كۈندە قانچە پۇلغا ئىشلىيەلەيدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم، ئەمما ئۇ تاپقانلىرى ۋە ئېرىشكەنلىرىگە قانائەت قىلىدىغاندەك قىلاتتى. بوۋاينى دەسلەپ ئۇچراتقان ۋاقىتلىرىمدا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ پۇلمۇ تەڭلەپ باققان ئىدىم، بوۋاي پۇلنى قولۇمدىن قاشاڭ تىلەمچىلەردەك ئاچ كۆزلۈك، تاماخورلۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى غۇرۇرى كەمسىندۈرۈلگەندەك بىر خىل قورۇنۇش، خىجىلچىلىق ئىچىدە ئالغان ئىدى. شۇڭا، بوۋاينىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا پۇل تەڭلىمەيدىغان، بەلكى ئۇيدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان قەغەز يەشىك، سولياۋ قۇتا دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ قويىدىغان بولدۇم. بوۋاي بۇ ئىشىم ئۈچۈن پۇل بەرگىنىمدىن بەكرەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بوۋايغا كۆڭلۈمدە ئاپىرىن ئوقۇيتتىم، ئۇنى ئەتراپىمىزدىكى پارازىت كەبى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇراتتىم. ئۇنىڭ ھالال ياشاشقا ئىنتىلىشتەك ھاياتلىق پوزىتسىيەسىدىن، ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق هارامخورلۇققا جەڭ ئېلان قىلىشتەك قەيسەرلىكىدىن ئۇنىڭ ھايات ھەقىقەتلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. بوۋاي نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق ياشاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما تۇرمۇشتىكى ئىلاجسىزلىق بوۋاينى هارامخورلۇقنىڭ رو چۆنى، ھالاللىقنىڭ قاتىلىغا

ئايلاندۇرۇپ قويمىغان ئىدى. بوۋاينىڭ بۇ ھاياتىنى يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە، ئۇنى تۇرمۇشىمىزدا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان ھالاللىق ۋە قانائەتچانلىقتىن ئىبارەت ئىككىلا سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولاتتى.

بوۋاينىڭمۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار بولغىنىتى بەلكىم، ئەمما ئۇنىڭ بۇگۈنكى ھاياتىدا بىز كىتابلاردا، بۈيۈك قامۇسلاردا ئۇچرىتىدىغان ئۇلۇغ ،بۈيۈك ئادەملەردىن تېپىلىدىغان بىر ئۇلۇغۋار مەقسەت، يۈكسەك غايە تېپىلمايتتى، چەت ئەللەردىكى قانداقتۇر قىرىغاندا ئۇتۇق قازىنىپ پۇل تېپىپ كەتكەن كارخانىچىلارنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ يوق ئىدى، بۇ جەھەتتە بىز بوۋاينى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرالمايمىز ھەم تۈزۈكرەك ياشىمىغانلىقى سەۋەبلىك ئەيىبلىيەلمەيمىز. ئەمما بوۋاي ئۆزىگە نىشان ھەم مەقسەت قىلغان ھالال ياشاشتىن ئىبارەت ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇشتىكى قانائەتچانلىقى ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان ھەر بىر كىشىگە كىشىلىك ھايات توغرىسىدا نەمۇنە خاراكتېرلىك دەرس بېرىۋاتاتتى.

ھالاللىق ھەم ھالال ياشاش ئۆتكەنكىلەرنىڭ بىزگە قالدۇرغان نەسىھەتلىرى، ئەمرىمەرۇپلىرىمىزدا ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەمما بۆگۈنكى كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان ھەم كۆنەلمەيۋاتقان مۇقەددەس ئىشلارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىدە تىلەپ يېيىشمۇ ھەقلىقلىشىپ كەتكەن «پۇل» ئۈچۈن پاك غۇرۇرنىمۇ دەپسەندە قىلىدىغان ئىشلار ئانچە ئەيىبلەنمەيدىغان بۈگۈندە تېخىمۇ شۇنداق. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بوۋايغا ئوخشاش ئەخلەت ئازگاللىرىدا ئۆمىلەپ يۈرۈش نومۇس قىلىدىغان ھەم مەينەت بىر ئىش.ئەمما بوۋاينىڭ بۇ ئىشنى جەمئىيەتتىكى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، زەھەر ئەتكەس قىلىش، تېنىنى سېتىش دېگەندەك ناتوغرا ئىشلارنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلارنىڭ رەسۋاچىلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، قايسى ئىشنىڭ پاكىز، قايسى ئىشنىڭ ھەقىقىي مەينەتلىكى ئايان بولىدۇ. ھارامخورلۇق كەيپىياتلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتتە ھالاللىق كىشىلەرنىڭ كۆز يېشىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. جەمئىيتىمىزدە ھارامخورلۇق قىلىپ تاپقان مال ـ دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىنىشىگە دەسمايە قىلىپ، تۆرلەردە ئۆز ھارامخورلۇقىنىڭ راھىتىگە چىلىشىپ يۈرگەنلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ــ ئادەملىكنى قانداق تونۇش ھەم ئۇنى قانداق ئۇلۇغلاشتىكى پەرقتۇر. ھالال ياشاش ۋە قانائەت ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئۇلۇغلۇق قوشىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئادەم ھالال ياشاش بىلەن ئىززەت ۋە ھۆرمەت تاپسا، قانائەت بىلەن «خاننىڭ ئالدىدىمۇ بېشىنى ئۆرە تۇتالايدىغان» روھىي يۈكسەكلىككە يېتەلەيدۇ، ئىنسان بەزىدە قانائەتسىزلىكى تۈپەيلى ھالال يولدىن ھارام يولغا كىرىپ قالىدۇ. چۈنكى قانائەتسىزلىك قارا ئۆتكۈرگە ئوخشاش مەڭگۈ تولمايدۇ. بەزىلەر قانائەتنى ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىك، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش دەپ چۈشەندۈرىدۇ ھەم ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەش، تەرەققىياتنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە دەلىل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە قانائەتنى نوقۇل بايلىققىلا باغلىۋېلىش توغرا ئەمەس، قانائەت ئىنساننىڭ ئېرىشكەنلىرى بىلەن كۇپايىلىنىشلا بولماستىن، بەلكى ئېرىشىش چەكسىزلىكىدىكى بىر خىل مەنىۋى توقلۇقنىڭ جۇلاسى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئېرىشىش چەكسىزلىكىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان مەشئەل، قەلبىگە مۇشۇ مەشئەلنى ياقالىغانلار ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلەيدۇ. كىشىلەردىن تەمەسىز ياشاش دەل تۇرمۇشىمىزدىكى قانائەتچانلىقنىڭ ئەڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى. قانائەتسىز كىشىنىڭ قېلىسى بولمايدۇ، ياراتقۇچى، ئىنسانى ھايۋانلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۆرە تۇرۇپ ياشايدىغان قىلىپ ياراتقان، «ۋاھالەنكى» قانائەتسىزلىك كىشىنىڭ قەددىنى باشقىلارغا پۈكىدۇ. قانائەتسىزلىك، تەمەخورلۇق كىشىگە ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك، پىتنىخورلۇق، بېخىللىقنى ئۆگەتسە، قانائەت كىشىنى كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، روھىي خاتىرجەملىك ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ.

ھالال ياشاش ئۈچۈن ھالاللىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما ھالاللىقنىڭ ئۆلچىمىنى ھېچكىم ئۆز ئالدىغا بېكىتەلمەيدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆلچەمگە ئىنسان قازى بولسا، ئوغرى ئوغرىلىق جەريانىدىكى قورقۇنچ، تەشۋىشنى، پاھىشە باشقىلارنى راھەتلەندۈرۈش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنىمۇ دەلىل قىلىپ ئۆز قىلمىشىنى ھالالغا چىقىرىشى مۇمكىن. ئارىمىزدا ھارام يوللار ئارقىلىق بېيىپ تىقىلىپ كەتكەنلەر، ھارامخورلۇقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلار، شۇنداق تۇرۇپ يەنە ھۆرمەتلىنىپ، ئۇلۇغلىنىپ يۈرىدىغانلار نۇرغۇن. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي ھۆرمەتلىنىشكە ھەم ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەر ئۇلار ئەمەس، بەلكى ھېلىقى بوۋايدەك ھالاللىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغانلار. تارىخ بېتىگە يېزىشقا تېگىشلىك ھەقىقەت شۇكى، ھالاللىق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشىلەر ھەقىقىي ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدا 2 تىلماچ.



# ئۇسسۇل سەنئىتىدە ھېسسىيات

خالمۇرات ئەبەيدۇللا

ئۇسسۇل ھېسسىياتنى بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش جەريانى بولۇپ، قەدىمكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك جەريانى ياكى باشقا بىرەر مۇددىئادا توپلىشىپ ئۇلتۇرغاندىكى ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى رىتىملىق ئاۋاز ياكى مۇئەييەن ئېستېتىك زوقلىنىشقا ئىگە تاۋۇش ئۇدارىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىپادە قىلغان سەنئەت شەكلىدۇر.

ئۇسسۇل سەنئىتىدە كۆز ئالدىمىزدىكى جانلىق ئادەم ياكى ئادەملەر توپىنىڭ رىتىملىق ھەرىكەت ئىپادىسى، ئۆلچەمى ۋە ھەرىكەت ئەندىزىسى ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان كەچۈرمىشلىرى، ھېسلىرى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، خۇشاللىقى، قايغۇسى، ئۈكۈنۈشلىرى ئومۇمىي بەدەننىڭ نازۇك ھەرىكىتى ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، «ئۇ بەدەن ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىچكى روھىي كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلىگۈچى مەدەنىيەت» بولۇپ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شېئىر (تېكىست)، مۇزىكا بىلەن ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. بىراق، ئۇنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسى دراما، ئوپېرالارنىڭكىدەك كەڭ ئەمەس. ئۇسسۇلدا ھېسسىيات ھەرىكەت ئارقىلىقلا ئىپادىلەنگەن بىلەن، دراما ـ ئوپېرالاردا سۆز ۋە مۇئەييەن ۋەقەلىك قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق، رەسىم، تىياتىر، ئەدەبىيات... قاتارلىقلارنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئۇسسۇلدا ھەيكەلتىراشلىقتىكى ئىدىيەۋى ھېسسىيات، مەركەزلەشكەن ئوبراز، شېئىردىكىگە ئوخشاش مەنىۋى دۇنيا بولىدۇ. ئۇسسۇل سەنئىتىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلگەندە، ئۇ، كىشىگە روھىي قۇۋۋەت بېغىشلاپ، ئىنساننىڭ خاراكتېرى، ئىرادىسى، مەنىۋى ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇسسۇللۇق ئەسەرلەرنىڭ قانداق بولۇشى ئۇسسۇلچىنىڭ ماھارىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ ۋە



كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن بەلگىلىك تارىخىي، ئىجتىمائىي، مىللىي مۇھىتنى، ئىش ـ ھەرىكەتنى، جۇملىدىن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇئەييەن دەۋر روھىنى، مەنىۋى ئىنتىلىش قاتارلىقلارنى بىلگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇللۇق نىقاب ياكى گىرىم كۆرۈنۈشلىرى، كۇسەن تاشكېمىر رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەت، سىياق، قەدەم ۋە قول ـ بارماق شەكىللىرىدىن مەلۇم خاس مەنىدارلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئالغاندا، ھېسسىيات ئىپادىلەشنىڭ ئۇنىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىگە قارىتىلغان ھۆكۈم، باھا، ھەق ـ ناھەق، مۇھەببەت ـ نەپرەت، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، رەت قىلىش، ئېنىقلىقتا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا ئۇسسۇلچىمۇ بۇ ھېسسىياتتىن چوڭقۇم تەسىرلەنگەندىلا ئاندىن تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئۇسسۇلدا ھېسسىيات چىن بولۇشى كېرەك ئۇسسۇلچىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلىشى ئۇسسۇل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇسسۇل جەريانىدا ھەرخىل ھېسسىيات، ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىت ھېسسىيات ئىپادىسىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئۇسسۇللاردا بىرلا ۋاقىتتا ئۈمىد، داۋالغۇش، تەمتىرەش، خىيال، دەرگۇمان بولۇش، ئىشەنچ، قەتئىي نىيەت، سىناپ كۆرۈش دېگەندەك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئۇسسۇللاردىكى باش قەھرىماننىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى مۇشۇ ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەش جەريانىدا مەيدانغا كېلىدۇ ۋە يارىتىلىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئۇسسۇل سەنئىتى بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق چىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭدا بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ ئۇچقۇچۇپ تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، گۈزەللىك بىلەن سەنئەت، سەنئەت بىلەن گۈزەللىك بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇسسۇل سەنئىتى گەۋدىلەندۈرگەن گۈزەللىك سەنئەت گۈزەللىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، سەنئەت گۈزەللىكى ـ رېئاللىقتىكى گۈزەللىكنىڭ، تۇرمۇش

گۈزەللىكنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى رېئال تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ سەنئەتچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن، رېئال تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ سەنئەتچى مېڭىسىدىكى ئۆزگەرگەن كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇسسۇل سەنئىتى باشقا سەنئەت ژانىرلىرىغا قارىغاندا، ئادەم بەدىنى ھەرىكىتى ئارقىلىق ماھىيەتلىك گۈزەللىكنى ئىپادىلەشنى ئۆزىگە خۇسۇسىيەت قىلغان بولىدۇ.

ھازىرقى ئۇسسۇل سەنئىتىدە، بەدىئىي گۈزەللىك سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈچلۈك دەۋر تەلىپىگە ئايلانماقتا ھەمدە ئۇسسۇل سەنئىتىدە بۈگۈنىلا ئەمەس، ئۆتمۈشنى، كەلگۈسىنى، رېئاللىقنى، فانتازىيەلىك مۇھىتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا.

ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىمۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش جەريانىنى مەنبە قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، كۆپ قىرلىق ۋە ھەرخىل تۇسلەرگە ئىگە بولغان.

شۈبھىسىزكى، ئۇسسۇل سەنئىتى ئىنسانلار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇ ئىنسانلار ئىختىرا قىلغان تۇنجى سەنئەت تۈرى. ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «سىېرىلما ئۇسسۇل»دىكى سىيپاپ يۈرۈش، قەدىمكى دېھقانلار ئېتىز ـ ئېرىق قىرلىغاندا، بىر بىلىكىنى بەلگە قويۇپ، يەنە بىر قولىدا كەتمەن ئارقىسى بىلەن توپىنى ئۇرۇپ ماڭغاندا، قەدەم بىر خىل رىتىملىق دەسسەلگەنىدە بارلىققا كەلگەن. «نان يېقىش ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «پىلىچىلىك ئۇسسۇلى»، «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى»، «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللاردىكى مەزمۇنلارمۇ رېئال تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئىش تۈرىدىن ئىلھام ئېلىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇسسۇللار سەھنە سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر پۈتۈن نەپىس ئۇسسۇللارغا ئايلانغان.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللىرىدىلا ئىپادە قىلىنغانلىقىنى قىياتاش ئويما رەسىملىرى، تارىخىي يازما خاتىرىلەر، قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن خېلى كۆپ مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئاشۇ مول مەنبەلەردىن مىللىي ئۇسسۇللارنىڭ رەڭگا ـ رەڭ ئۆرنەكلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي راۋاجىنى، شۇنداقلا مىللىي ئۇسسۇل ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، كېيىنچە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، شەھەر ـ قەلئەلەرنى بەرپا قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇللىرىمۇ كۆپ قىرلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادە قىلغان، يەنى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇسسۇللاردىن كېيىنچە «باپكار ئۇسسۇلى»، «يىپەكچىلىك ئۇسسۇلى»، «قوش چىنە ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى ئىختىرا قىلغان.

ئىنسانلار مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىشىغا ئەگىشىپ، سەنئەتنىڭ تۈرى بولغان ئۇسسۇلدىمۇ روشەن تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقى ۋە ئۇسسۇللارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ جازىبىدارلىقى، نەپىسلىكى ۋە مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھېسسىيات ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، چەكسىز شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى. بۈگۈنكى يېڭى دەۋر ئۇسسۇل پېشۋالىرىمۇ ئەجدادلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئىزناسى بولغان ئۇسسۇل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مەيلى كوللېكتىپ ئۇسسۇل ياكى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل بولسۇن، ئۇنىڭ يۈكسەك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، دۇنياۋى سەنئەت سەھنىلىرىدە ئەڭ يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، سەنئەت مۇنبىرىنى جۇلالاندۇردى.

بۇ زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە شەرەپلەر ئەلۋەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ باغرىدا ئىختىرا قىلىنغان ئانا سەنئەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، تەرەققىي قىلغان. بۇ نەتىجىلەر جاپاكەش ئۇستازلىرىمىزغا مەنسۇپ، شۇنداقلا سەنئەت ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم باسقان ياش غۇنچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىگە، تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە زور ئىلھام ھەم مەدەت بولغۇسى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. ئىمىن ئەھمەد، تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت: «سەنئەت نەزەرىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاي
2. ئىنايىتۇللا قۇربان: «ئۇسسۇل سەنئەت نەزەرىيە ئاساسلىرى»، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
3. «ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تەرجىمىلەر توپلىمى»، جۇڭگو ئۇسسۇل سەنئىتى تەتقىقات ھەيئىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1960 ـ يىلى نەشرى.
4. ئىنايىتۇللا قۇربان: «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي ئۆرنەكلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىدا



مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تۆھپىكار ئەدەبىي تەرجىمان، «تۆلپار» مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى،
يەتتە قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىياتى» مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى سۇ يۇڭچىڭ ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830002 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2011 ـ يىل 3 ـ سان (ئومۇمىي 309 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۇەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ــ 58 باھاسى: 6 يۈەن

# يەكەندە ئېچىلغان تۇنجى نۇزۇتلۇك بادام دوپپا مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر
















(نۇرمۇھەممەد ئايۇپ، نۇردۇن ئابدۇسەمەتلەر فوتوسى)